
بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

المسلم الصيني



3

2006

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

# 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز - تەبلىغ مۇسابىقىسىدىن كۆرۈنۈشلەر




6 - نۆۋەتلىك ۋەز - تەبلىغ مۇسابىقىسى 2006 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە ئۆتكۈزۈلدى.



مۇسابىقىگە قاتناشقان ھەر ساھە ۋەكىللىرى ۋەز - تەبلىغچىلەرنىڭ ۋەز - تەبلىغىنى ئەستايىدىل ئاڭلىماقتا.



ئۇيغۇر تىلى بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن ئابدۇغېنى ۋەھاب.



ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسىنىڭ باھالاش ھەيئىتىدىكىلەر ئەستايىدىل ۋەز - تەبلىغ ئاڭلاپ نومۇر قويماقتا.



خەنزۇ تىلى بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن ما جۈڭ.



ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن مۇھەممەد ئابدۇكېرىم، مۇھەممەد ئابلا مەخسۇم.



مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى ۋەز - تەبلىغچىلەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن ياڭ جۈن، سەي گوجيەن، بەي چۈنجى، ما شۆجى.



ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەن ئابدۇللاجان داموللام، ئايدىن، نەسرۇددىن مايىت.



ئاياللار گۇرۇپپىسىدىن ئالاھىدە ۋەز - تەبلىغچى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ما يۈشى، جاڭ فېڭجياۋ.



ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەن مەن مىڭشيەن، ۋاڭ جيەنپىڭ، ما رۇنشېڭ، ما چېڭخۇ، جاۋ شۆيى.

# 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسى بېيجىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2006 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە مەملىكەت بويىچە 28ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، سالار، دۇڭشياڭ، زاڭزۇ قاتارلىق 6 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 66نەپەر(59نەپەر ئەر، يەتتە نەپەر ئايال ) ۋەز ـ تەبلىغچى قاتناشتى.

قۇرئان تىلاۋەت بىلەن باشلانغان مۇسابىقىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىس ـ تالىپلىرى، مۇسابىقىگە قاتناشقۇچى ۋەز ـ تەبلىغچىلەر، تەكلىپ بىلەن مۇسابىقىنى كۆرۈشكە كەلگەن ۋەكىللەر قاتناشتى. مۇراسىمدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا باشلىنىش نۇتقى سۆزلىدى.

مۇسابىقە خەنزۇ تىلى گۇرۇپپىسى ۋە ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. خەنزۇ تىلى گۇرۇپپىسى يەنە ئەرلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاياللار گۇرۇپپىسى دەپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندى. تۆت كۈن ئېلىپ بېرىلغان جىددىي مۇسابىقە ئارقىلىق، ئاتاقلىق ئۆلىمالار، ئاخۇنلار ۋە تەتقىقاتچى خادىملاردىن تەشكىللەنگەن باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى بىلەن، خەنزۇ تىلى ئەرلەر گۇرۇپپىسىدىن ما جۇڭ(شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن ) بىرىنچىلىكنى؛ ياڭ جۈن (ئىچكى موڭغۇلدىن)، سەي گوجيەن(يۈننەندىن)، بەي چۈنجى(جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپى)، ما شۈجى(گەنسۇدىن) ئىككىنچىلىكنى؛ مەن مىڭشيەن(شەندۇڭدىن)، ۋاڭ جيەنپىڭ(خېنەندىن)، ما رۇنشېڭ(خېبېيدىن)، ما چېڭخۇ(چىڭخەيدىن)، جاۋ شۈيى(شاڭخەيدىن) ئۈچىنچىلىكنى ئالدى. ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسىدىن ئابدۇغېنى ۋاھاپ(جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپى) بىرىنچىلىكنى: مۇھەممەد ئابدۇكېرىم(تۇرپاندىن)، مۇھەممەد ئابلا مەخسۇم (قەشقەردىن) ئىككىنچىلىكنى؛ ئابدۇللاجان داموللام(خوتەندىن)، ئايدىن(ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىن، قازاق)، نەسرىدىن مايىت(ئۈرۈمچىدىن) ئۈچىنچىلىكنى ئالدى. ئاياللار گۇرۇپپىسىدىن ما يۈشى(شەندۇڭدىن)، جاڭ فېڭجياۋ(ئەنخۇيدىن) ئالاھىدە ۋەز ـ تەبلىغچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتناشقان ۋەز ـ تەبلىغچىلەر زور تەييارلىقلار بىلەن مۇسابىقىگە قاتنىشىپ ، ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلەش ماھارەتلىرىنى كۆرسەتتى، «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىف ۋە باشقا دىنىي كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، شەرىئەت ئەھكاملىرى، ئىسلام پرىنسىپلىرى قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلىپ سۆزلەپلا قالماستىن، يەنە ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى يەنىمۇ قېزىپ، مۇسۇلمانلارنى ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، شەرەپ ـ نومۇس قارىشى تىكلەش ۋە ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، يېڭى مەزمۇن ۋە دەۋر روھىغا باي ۋەز ـ تەبلىغلەرنى ئېيتىپ، مەملىكىتىمىز ياش دىنىي خادىملىرىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى نورمال ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى، ئىمام ـ خاتىپلارنىڭ ۋەز سۆزلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى، يېڭى ۋەز يېزىش ۋە يېڭى ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلەش ئاكتىپلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرەم رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇراسىمغا مۇسابىقە قاتناشچىلىرىدىن باشقا، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3 ـ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى ما جىن، مۇرات، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2 ـ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى چۇ يۇچى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن سىددىق ما جۇڭجې، ئىبراھىم خۇاڭ چاڭيۇ، مۇستاپا ياڭ جىبو، ئادىل ھاجى كېرەم، مەسلىھەتچىلەردىن ئابدۇرەھىم ئىمىن، ئەلى ليۇ شۇشياڭ، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، خالىد ياڭ زۇڭشەن ، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىدىن بارات رەجەپ، ما جۇڭپىڭ، جاڭ گۇاڭلىن، ۋاڭ گولياڭ، ۋېن جيەن قاتارلىق رەھبەرلەر، بېيجىڭدىكى بىر قىسىم دائىمىي ھەيئەت ۋە ھەيئەت ئەزالىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى ۋە بارلىق مۇدەررىس ـ تالىپلىرى، بىر قىسىم ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، بېيجىڭدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاممىسى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى بولۇپ 200دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. مۇراسىمدا ۋەز ـ تەبلىغچىلەر ئۈلگە كۆرسىتىپ ۋەز ـ تەبلىغ قىلدى. ئاخىرىدا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى نامىدىن بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. رەئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا يېپىلىش نۇتقى سۆزلەپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىمام ـ خاتىپلارنىڭ ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى ياخشى سۆزلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇراسىمنىڭ ئاخىرىدا رەھبەرلەر نەتىجىگە ئېرىشكەن ۋەز ـ تەبلىغچىلەرگە لەۋھە، تەقدىرنامە ۋە مۇكاپات سوممىسى تارقىتىپ بەردى. مۇراسىم ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسى بويىچە ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن شىنجاڭلىق مۇھەممەد ئابلا مەخسۇمنىڭ دۇئا تىلاۋىتى بىلەن ئاخىرلاشتى.

المسلم الصينى

# مۇندەرىجە


❖ ئالاھىدە خەۋەرلەر ❖

6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز - تەبلىغ مۇسابىقىسى بېيجىڭدا
مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى............ ئۆز خەۋەرچىمىز(1)

❖ ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى ❖

ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ..............
............... مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى (4)

فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمى ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى .........
............................ ياقۇپجان ئەزىز (10)

ئۆلۈم ھېكمىتىدىن ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىگىچە ............
........................نەزىرە مۇھەممەد سالىھ (16)

❖ شەرىئەت ئەھكاملىرى ❖


جۈمە نامىزى ۋە جۈمە خۇتبىسى ھەققىدە سوئال - جاۋابلار.........
........... ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا (21)

❖ ئىسلام دىنى ۋە ئىقتىساد ❖

ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ئىسلام ئەخلاقى ..............
........................ ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى (27)

❖ ئىسلام دىنى ۋە تەرەققىيات ❖

ئىسلام دىنى تەرەققىياتنى يۇكسەلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.......
............ ئەخمەت مەتنىياز دامولла ھاجى (41)


جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)

(ئومۇمىي80 - سان 总第80期)

باش مۇھەررىر :

شەمشىدىن ھاجى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر :

ھاجى بارات رەجەپ

تېخنىك تەھرىر، مەسئۇل كوررېكتور:

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى :

شەمشنۇر ھوشۇر

主　　编: 夏米西丁 · 哈吉

副 主 编: 巴拉提 · 热吉甫

技术编辑: 安瓦尔 · 穆罕默德

封面设计: 夏美希努尔 · 吾守尔

刊号 خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007－5836

دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11－1346/B

邮发代号 : 58—167 :پوچتا ۋاكالەت نومۇرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720

国外代号: Q1720

E-mail: ujmtb@yahoo.com.cn

CHINA MUSLIM

مۇئلىلارىجە

### ❖ مۇسۇلمان مىللەتلەر ❖

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكلىرى ..........
.......... شېرىن قۇربان (49)

### ❖ مۇسۇلمان ئالىملىرىمىز ❖

ئىلىمگە بېغىشلانغان ھايات ..........
.......... ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرەھىم (58)

### ❖ ئىسلام بىلىم گۈلزارى ❖

رامىزاننىڭ مەنىۋى مۇھىتى .......... (57)
سۇھۇر ۋە ئىپتارنىڭ پەزىلىتى .......... (57)
تەراۋىھ نامىزى .......... (26)
ئەرەب مىللىي مۇزىكانتى ــــ ۋەھاب .......... (56)

### ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

ئەخمەتجان ئەبەيدۇللا، تۇردى ھەسەن قاتارلىقلار خەۋىرى ..........(62)

### ئىسلام مائارىپى

مەمەتئېلى غېنى، ئالىم ئىمىن ھاجى قاتارلىقلار خەۋىرى .......... (62)

### تۆھپىكار دىنىي زاتلار

ئۆمەرجان مەخمۇت، نىياز ساتتار، توختى ئاۋۇت قاتارلىقلار خەۋىرى .......... (62)

### ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

مەلىكە روزى، تۇرسۇن ئابدۇرەھىم، ئەخمەتجان ھوشۇر قاتارلىقلار خەۋىرى .......... (63)

### مەخسۇس بەت

ھىجرىيە 1427 ـ يىللىق رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى .......... (64)

( بۇ سان 2006 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىقتى )

2006
3
باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى ؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100053
تېل: 83520073 ، 63513181 ـ 010
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:
ئۈرۈمچى يەنئەن يولى119 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى:830001
تېل: 0991 ـ 2566193
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
(بېيجىڭ 399 ـ خەت ساندۇقى)

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：中央民族大学印刷厂
订阅、发行：全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维文编辑部
地址：北京市宣武区南横西街 103 号
邮编：100053
电话：(010) 63513181，83520073
新疆发行站:乌鲁木齐市延安路 119 号
邮编:830001 电话：(0991) 2566193
国外发行：中国国际图书贸易公司
(北京 399 信箱)

# ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان*

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## ھەدىس راۋىيلىرىنىڭ ئىسمى، كۇنيە ۋە لەقەبلىرى بىلەن تونۇشۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ھەدىس راۋىيلىرىنىڭ كۇنيە، لەقەب فامىلىلىرىنى، يۇرت-قەبىلىلىرىنى بىلىش ھەدىس ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم شەرت ھېسابلىنىدۇ. "ھەدىس راۋىيلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئۈستىدە يېتەرلىك مەلۇماتى يوق ئادەمنىڭ ئىلمى ھەدىس بىلەن شۇغۇللىنىشقا ھەققى يوق" دېگەن سۆز تولىمۇ جايىدا ئېيتىلغان.

ئىسناد جەريانىدا راۋىيلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئىسىملىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى لەقەبلىرى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى، لەقەبلىرى ۋە كۇنيەلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ قارالمىغاندا ھەدىس راۋىيلىرى ئېلىشىپ كېتىپ خاتالىق يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: ساھابىلەردىن بولغان راۋىي ھىلال ئىبنى ھارىس غەيرى ساھابىلەردىن بولغان راۋىي مۇئاۋىيە ئىبنى سەۋرەنىڭ كۇنيىسى ئەبۇلئەبەيدەيىن ئىدى.

ساھابىلەردىن بولغان مىھرانىنىڭ لەقىبى سەفىنە ئىدى، غەيرى ساھابىلەردىن بولغان ئەمر ئىبنى ئەلىنىڭ لەقىبى مەندەل بولغان. ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپنىڭ لەقىبى ئەبۇتۇراب بولسا كۇنيىسى ئەبۇلھەسەن ئىدى، بەزى راۋىيلارنىڭ كۇنيىسى ئىككى ياكى ئۈچتىن كۆپ بولاتتى. ئىبنى جۇرەيجىنىڭ ئەبۇ ۋەلىد، ئەبۇ خالىد دېگەندەك كۇنيىلىرى بار ئىدى. بەزى راۋىيلار كۇنيىسى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئىسمى ئۈستىدە خىلمۇ خىل سۆزلەر تارالغان. مەسىلەن، مەشھۇر ساھابە ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ كۇنيىسى ئەبۇ ھۇرەيرە بولۇپ ئىسمى توغرۇلۇق 30 خىل سۆز مەۋجۇت. مەشھۇرراق سۆزدە ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇراھمان ئىبنى سەخر دېيىلىدۇ. دېمەك، ئىسمى ۋە كۇنيىسى ياكى ئىسمى ۋە لەقىبى بار راۋىيلار ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا پەقەت ئىسمى ياكى لەقەبى ياكى كۇنيىسى بىلەنلا مەشھۇر بولغان بولۇپ، مۇجمەللىك بولماسلىقى ئۈچۈن ھەدىسشۇناسلار بۇ ھەقتە ئەتراپلىق توختىلىپ مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازغان. زەھەبى تەرىپىدىن يېزىلغان «المقتنى فى سرد الكنى» (ئەلمۇقتەنا)، سۇيۇتى تەرىپىدىن يېزىلغان «المنى فى الكنى» (ئەلمۇنا)، ئىبنى جەۋزى تەرىپىدىن يېزىلغان «كشف النقاب من الأ سماء والألقاب» (كەشفۇننىقاب)، ئابدۇللا ھاكىم تەرىپىدىن يېزىلغان «كتاب الكنى والألقاب» (كىتابۇلكۇنا)، ئەسقەلانى تەرىپىدىن يېزىلغان «نزهة الألباب» (نۇزھەتۇلئەلباب) قاتارلىق كىتابلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

---

*ئىلمىي قىسمى ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىسى

## ھەدىس شەرىفنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

مۇھەددىسلەر ئىلمى ھەدىسنى ئىلمى رىۋايەت، ئىلمىي دىرايەتتىن ئىبارەت 2 تۈرگە بۆلگەن، ھەدىسنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە ئىستىلاھىغا دائىر مەزمۇنلار، ھەدىسنىڭ ئىسنادلىرى، راۋىلارنىڭ ئەھۋالىغا ئائىت مەزمۇنلار ئىلمىي رىۋايەتكە ياتىدۇ. ھەدىسنىڭ مەفھۇمى، ھەدىسنىڭ ئىسنادى دۇرۇس بولغان شەرت ئاستىدا مەزمۇنى بىلەن ئەمەل قىلىشقا بولىدىغان-بولمايدىغانلىقى، بىرەر مەنىنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش قاتارلىقلار ئىلمىي دىرايەتكە ياتىدۇ. ھەدىس ماۋزۇ ئېتىبارى بىلەن سند (سەنەد)، مَتْن(مەتىن)تىن ئىبارەت 2 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. سەنەد سۆزى بىلەن ئىسناد سۆزىنىڭ مەنىسى بىر. سەنەد ھەدىس راۋىلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ، مەتىن دېگەندە ھەدىسنىڭ تېكستى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ھەدىس ئېيتقۇچىسى ئېتىبارى بىلەن مرفوع (مەرفۇئ)، موقوف (مەۋقۇف)، مقطوع (مەقتۇئ)لەرگە بۆلۈنىدۇ. ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن“ دېگەنگە ئوخشاش مەيلى مرفوع قولى (مەرفۇئ قەۋلى) بولسۇن، ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق قىلغان“ دېگەنگە ئوخشاش مەيلى مرفوع فعلى (مەرفۇئ فىئلى) بولسۇن، ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزۇرىدا مۇنداق قىلىنغان، رەسۇلۇللاھ سۈكۈت قىلىپ تۇرغان“ دېگەنگە ئوخشاش مەيلى مەرفۇئ تەقرىرى بولسۇن، ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىق ئىدى“ دېگەنگە ئوخشاش مەيلى مەرفۇئ ۋەسفى بولسۇن ھەممىسى مەرفۇئ دائىرىسىگە كىرىدۇ.

رەسۇلۇللاھقا نىسبەت بېرىلگەن سۆز ”ھەدىس مەرفۇئ“، ساھابىغا نىسبەت بېرىلگەن سۆز ”ھەدىس مەۋقۇف“، تابىئىنغا نىسبەت بېرىلگەن سۆز ”ھەدىس مەقتۇئ“ دېيىلىدۇ.

ھەدىسلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىشتىكى ۋاستىلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ئېتىبارى بىلەن ھەدىس مۇتەۋاتىر، ھەدىس ئاھادلەرگە بۆلۈنىدۇ. يالغانغا تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر جامائە كىشىلەر رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلغان، ئۇلاردىن يەنە بىر جامائە كىشىلەر رىۋايەت قىلغان، ئۇلاردىن يەنە بىر جامائە كىشىلەر رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر ”ھەدىس مۇتەۋاتىر“ دېيىلىدۇ.

ھەدىس ئاھاد بولسا ھەدىس مۇتەۋاتىرنىڭ شەرتلىرى تېپىلمىغان ھەدىس بولۇپ، بۇ مەشھۇر، ئەزىز، غەرىبدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ”ھەدىس مەشھۇر“ بولسا سەنەدلەرنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا راۋىلىرى سانى ئۈچتىن كەم بولمىغان ھەدىستۇر. ”ھەدىس ئەزىز“ بولسا سەنەدلەرنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا راۋىلارنىڭ سانى ئىككىدىن كەم بولمىغان ھەدىستۇر. ”ھەدىس غەرىب “ بولسا سەنەدلەرنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا راۋىلارنىڭ سانى پەقەت بىرلا راۋى بولغان ھەدىستۇر. ھەدىس غەرىب ”ھەدىس فەرد“ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سەنەد جەھەتتىن ئىشەنچلىك بولسىلا ھەدىس غەرىبمۇ سەھىھ بولالايدۇ. ھەدىسلەر قوبۇل قىلىنىش ۋە قوبۇل قىلىنماسلىق ئېتىبارى بىلەن سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ دەرىجىلىرىگە بۆلۈنىدۇ. ھەدىس مۇتەۋاتىر قەتئىي مەقبۇل بولۇپ يېقىنى سۈرەتتە ئىشەنچلىك بولغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرىقى دەرىجىلەردىن مۇستەسنا رەۋىشتە ئۈستۈندۇر. سەھىھ ھەدىسكە كېلىدىغان بولساق بۇنىڭدا تۆۋەندىكى بەش شەرت تېپىلىشى كېرەك:

1. ھەدىسنىڭ سەنەدى ئۈزۈلۈكسىز ئۇلانغان بولۇشى يەنى تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە ئىشەنچلىك راۋىلار تەرىپىدىن بىۋاستە ئۇلانغان بولۇشى كېرەك.

2. راۋىلارنىڭ ئاقىل، بالىغ، تەقۋادار، ئادەمگەرچىلىككە يات قىلىقلاردىن خالىي بولغان مۇسۇلمان بولۇشى كېرەك.

3.راۋىلار ھەدىسنى ئەستە تۇتۇش ياكى خاتىرىلەش جەھەتلەردە پۇختا بولغان بولۇشى كېرەك.

4. رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس ئىشەنچلىك راۋىلار تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرگە قايچا كەلمەسلىكى كېرەك.

5. قارىماققا ھەدىس ساغلام كۆرۈنسىمۇ ئۇنىڭ ساغلاملىقىغا داغ چۈشۈرىدىغان يوشۇرۇن ئامىللار بولماسلىقى كېرەك.

يۇقىرىقى شەرتلەرنىڭ بىرەرسى كەم بولسا ئۇنى سەھىھ ھەدىس دېگىلى بولمايدۇ. سەھىھ ھەدىس شەرىئەت دەلىللىرىدىن مۇھىم بىر دەلىل بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ھەربىر

مۇسۇلماننىڭ ئۇنى تەرك ئېتىشكە بولمايدىغانلىقى ئۈستىدە پۈتۈن ھەدىسشۇناسلارنىڭ ۋە نوپۇزلۇق فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشى بىردەكلىككە ئىگىدۇر.

ھەدىس ھەسەن راۋىلىرى راستچىللىق ۋە باشقا شەرتلەردە ھەدىسى سەھىھ راۋىلىرى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ھەدىسلەرنى پۇختا ئىگىلەشتە ئۇلاردىن بىر قەدەر تۆۋەن تۇرىدىغانلاردۇر، شۇڭا ھەدىس ھەسەن دەرىجە جەھەتتە سەھىھ ھەدىستىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ھەدىس زەئىف بولسا ھەدىس ھەسەندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ. بەزى مۇھەددىسلەرنىڭ قارىشىچە، ھەدىس سەھىھ بىلەن ھەدىس ھەسەندە بار شەرتلەر تېپىلمايدىغان ھەدىس "زەئىف" ھەدىس ھېسابلىنىدۇ، زەئىف ھەدىسلەرنى ۋەز-تەبلىغ، قىسسە قاتارلىقلاردا رىۋايەت قىلىشقا بولىدۇ. ئۆلىمالار جامائەسى فەزائىل ئەئمال(پەزىلەتلىك ئەمەل)لاردە زەئىف ھەدىسلەر بىلەن ئەمەل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىدىن يالغاندىن توقۇپ چىقىلغان ھەدىس "موضوع" (مەۋزۇئ) يەنى "ساختا ھەدىس" دېيىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كىمكى ماڭا يالغاننى توقۇيدىكەن ئۆزىگە دوزاختىن جاي ھازىرلىسۇن" دەپ، كىشىلەرنى ساختا ھەدىس توقۇشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان. شۇنداقلا: "كىمكى ساختا ھەدىسنى بىلىپ تۇرۇپ رىۋايەت قىلىدىكەن ئۇ يالغانچىلارنىڭ بىرىدۇر" دېگەن. يۇقىرىقى ھەدىسلەر روھى بويىچە رەسۇلۇللاھقا يالغاننى چاپلاشقا شۇنچە جىددىي قارالغان بولسىمۇ، توقۇلما، ساختا ھەدىسلەر يەنىلا مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. يالغان ھەدىسلەرنىڭ پەيدا بولۇشقا باشلىغان ۋاقتى ھىجرىيە 41-يىلدىن كېيىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، ھەزرىتى ئەلى بىلەن مۇئاۋىيەنىڭ خەلىپىلىك تالاش-تارتىشى تۈپەيلىدىن مۇسۇلمانلار جامائەسى پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى، سىياسىي جەھەتتىن خەۋارىج، شىئە گۇرۇھلىرىدىن ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ دەۋەتچىلىرى پەيدا بولدى، ئۇلار تەرەپبازلىق يۈزىسىدىن ئۆز گۇرۇھىغا يەل بېرىدىغان مەلۇم يالغان ھەدىسلەرنى ئويدۇرۇپ چىقاردى. مەسىلەن: "ئەلى ئىنسانلارنىڭ ياخشىسىدۇر، بۇنىڭدىن شەكلەنگەن ئادەم ئىماندىن ئاجرايدۇ" دېگەن ئويدۇرما شۇلار جۈملىسىدىندۇر. ئىسلامغا قارا چاپلاش يۈزىسىدىن يالغان ھەدىس ئويدۇرۇپ چىقارغانلارمۇ بولغان، زىندىقلىق بىلەن ئەيىبلەنگەن مۇھەممەد ئىبنى سەئىد: "مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى، پەقەت ئاللاھنىڭ خالىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر" دېگەندەك ھەدىسلەرنى يالغاندىن توقۇپ چىققان. ئابباسىلاردىن خەلىپە مەھدى زامانىدا ياشىغان زىندىقلىق بىلەن ئەيىبلىنىپ جازالانغان ئابدۇكەرىم ئىبنى ئەۋجامۇ يالغان ھەدىسلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار قىلغان.

مەدداھلارمۇ يالغان ھەدىسلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشنىڭ مەنبەسى بولغان.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بىلەن يەھيا ئىبنى مەئىن بىر مەسچىتتىن ناماز ئوقۇپ چىقىۋاتسا بىر مەدداھ سۆزلەۋاتقۇدەك، ئۇ: "ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بىلەن يەھيا ئىبنى مەئىندىن ئاڭلىدىمكى، ئۇلار ئابدۇررازاقتىن ئاڭلىغان، ئۇ قەتادەدىن ئاڭلىغان، ئۇ ئەنەستىن ئاڭلىغان، ئەنەس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانكى: 'كىمكى لا الـه الا الله (بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق)' دېسە، ئاللاھ بۇنىڭدىكى ھەر بىر سۆزدىن تۇمشۇقى ئالتۇندىن، قانىتى مارجاندىن بولغان بىر قۇش يارىتىدۇكى..." دەپ، يازسا 20 بەتچە كېلىدىغان قىسسىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، يەھيا ئىبنى مەئىن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: "بىز سەن بايا تىلغا ئېلىپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئادەملەر بولىمىز، مۇنداق ھەدىسىمۇ يوق، بىز ساڭا مۇنداق ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگىنىمىزمۇ يوق" دېگەندە، ئۇ: "سىلەردەك ئەخمەق ئادەملەرنى كۆرمىدىم، جاھاندا ئىككىڭلاردىن باشقا ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، يەھيا ئىبنى مەئىن ئىسىملىك ئادەملەر يوقمۇ؟ مەن ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، يەھيا ئىبنى مەئىن ئىسىملىك 17 كىشىدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان" دېگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىسى ياقىسىنى تۇتۇپ قالغان.

ئىبنى ئەبى دىھيە، ھەمما ئەسبى قاتارلىقلار قىزىقتۇرۇپ نام چىقىرىش مەقسىتىدە ئاجايىپ غارايىبلارنى قۇراشتۇرۇپ ، ساختا ھەدىسلەرنى توقۇغان. زاھىدلاردىن بولغان بەزىلەر كىشىلەرنى

ياخشى ئەمەللەرگە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن بەزى ساختا ھەدىسلەرنى توقۇغان. قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن ساختا ھەدىسلەر مەيدانغا چىققان. دوكتور مەھمۇد تەھھان مۇنداق دەيدۇ: "بەزى تەپسىرشۇناسلار تەپسىرلىرىدە ساختا ئىكەنلىكىنى ئېنىق دېمەستىن بەزى مەۋزۇئ ھەدىسلەرنى بەرگەن، بولۇپمۇ ئۇبەي ئىبنى كەئبتىن قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا بېرىلگەن ھەدىسلەر سۈرىمۇ سۈرە بېرىلگەن، ئۇلار سائالبى، ۋاھىدى، زەمەخشەرى، بەيزاۋى، شەۋكانى قاتارلىقلاردۇر".

دوكتور يۇسۇف قەرزاۋى مۇنداق دەيدۇ:

"قىسمەن تەپسىرلەردە قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە مەۋزۇئ ھەدىسلەرنى بېرىدۇ. ھەدىسشۇناسلار بۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ مەۋزۇئ ھەدىسلەرنى بېرىپ كىتاب بەتلىرىنى قارىداشتا ھېچقانداق ئۆزرىسى يوق، زەمەخشەرى، سائالبى، بەيزاۋى، ئىسمائىل ھەققى ۋە باشقىلار يالغان ھەدىسلەرنى كىتابلىرىدا بېرىشتە ھامان چىڭ تۇرۇشتى، بۇنىمۇ بېسىپ چۈشىدىغىنى شۇكى، «رۇھۇلبايان» تەپسىرىنىڭ مۇئەللىپى ئىسمائىل ھەققى مۇنداق ھەدىسلەرنىڭ بېرىلىشىنى ياقلايدۇ ۋە ئۇنى قوغداش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ. ئۇ سۈرە «تەۋبە» تەپسىرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: 'بىلگىنكى، تەپسىرى كەششافنىڭ مۇئەللىپى زەمەخشەرى يۇقىرىقى سۈرىنىڭ ئاخىرىدا بەرگەن ھەدىسلەرنى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چوڭ مۇپەسسىرلەردىن بەيزاۋى، مەۋلىۋى ئەبۇسسەئۇدلەرمۇ ئۆز تەپسىرلىرىدە بېرىشكەن، ئۇلارنىڭ ھەدىسلىرى ئۈستىدە ئۆلىمالار كۆپ توختىلىپ ئۇلارنى مۇقىملاشتۇرغانلارمۇ بار، ئىنكار قىلغانلارمۇ بار. مەن شۇنداق قارايمەنكى، ئۇ ھەدىسلەر ياكى سەھىھ، ياكى زەئىف ياكى مەۋزۇئ بولۇشنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئەگەر ھەدىس سەھىھ بولىدىغان بولسا بۇنىڭدا گەپ يوق. ئەگەر ئىسنادى زەئىف بولىدىغان بولسا ۋەز-تەبلىغدە ئۇنى قوللىنىشقا بولىدىغانلىقىدا مۇھەددىسلەر ئورتاق پىكىردە، ئەگەر ھەدىس مەۋزۇئ بولىدىغان بولسا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، زاھىدلاردىن بىر كىشى قۇرئاننىڭ ۋە سۈرىلەرنىڭ پەزىلىتى ئۈستىدە مەۋزۇئ ھەدىسلەرنى توقۇماقچى بولۇپتۇ. ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانلىقى سورالغاندا، ئۇ: ‹كىشىلەر قۇرئانغا قىزىقماس بولۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قۇرئان ئوقۇشقا تەرغىب قىلماقچى بولدۇم› دېگەن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹**كىمكى ماڭا يالغاننى چاپلايدىكەن ئۇ دوزاختىن جاي ئالسۇن**› دېگەنغۇ دېگۈچىگە، ‹مەن رەسۇلۇللاھنىڭ زىيىنىغا ئەمەس، پايدىسىغا يالغاننى توقۇدۇم دېگەن›. (مۇپەسسىر ئىسمائىل ھەققى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ) يۇقىرىدىكى زاھىدلار مۇنداق قارىغانكى، رەسۇلۇللاھنىڭ زىيىنىغا يالغان ھەدىس ئويدۇرۇش ئىسلام شەرىئىتىنى بۇزۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. پايدىسىغا مەۋزۇئ ھەدىسنى توقۇش دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى مۇنداق ھەدىس شەرىئەتكە ئەگىشىشكە، رەسۇلۇللاھنىڭ يولىنى تۇتۇشقا ئۈندەيدۇ...'. يۇقىرىدىكى گەپلەردىن بىز "لە ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ" دېمەي تۇرالمايمىز. ئۆزىنى تەپسىرشۇناسلار قاتارىدا سانايدىغان، بەزىلەر ئۇنى فىقھشۇناس، ئۇسۇلشۇناس دەپ تەرىپلىگەن كىشىدىن يۇقىرىقىدەك گەپلەرنىڭ سادىر بولۇشى كىشىنى تولىمۇ ئەجەبلەندۈرىدۇ. ھەقىقەتشۇناس ئالىملارنىڭ نەزىرىدە دەسلەپكى ساۋات سانىلىدىغان ئۇقۇمنى بىلمىگەن كىشىنى قانداقمۇ بىلىملىك سانىغىلى بولسۇن؟ تەسەۋۋۇپ خاھىشلىك بۇ شەيخ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز دىنىنى بىزگە مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگەنلىكىنى، ئىككىنچى شەخسنىڭ ھەدىس ئىجاد قىلىپ ئۇنى تولۇقلاشقا ھاجەت ئەمەسلىكىنى بىلمىگەن. گوياكى ئۇ ئاللاھقا يالغاننى توقۇپ سېنىڭ كەمتۈك دىنىڭنى تولدۇرىمەن دېگەندەك، رەسۇلۇللاھقا ھەدىس توقۇش ئارقىلىق سەن كەتكۈزۈپ قويغان يوچۇقلارنى تولدۇرىمەن دەپ مىننەت قىلغاندەك بولىدۇ".

سۈرىلەر پەزىلىتى توغرىسىدا، قۇرئان ئوقۇشقا تەرغىب قىلىش توغرىسىدا (بۇ جەھەتتىكى سەھىھ ھەدىسلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا) نۇھ ئىبنى مەريەم، مەيسەر ئىبنى ئەبدۇرەببىھ قاتارلىق زاھىدلارمۇ ئاز بولمىغان مەۋزۇئ ھەدىسلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارغان.

ئىبنى ئەبى يەھيا، ۋاقىدى، مۇقاتىل، مۇھەممەد ئىبنى سەئىد قاتارلىق ئالىملار مەۋزۇئ ھەدىسلەرنى

ئىجاد قىلىش بىلەن مەشھۇر بولغانلىقلىرىدىن ھەدىسشۇناسلار ئۇلارغا "الكذابون" (كاززاپلار) دەپ نام بەرگەن. تاتار ئالىمى رىزائۇددىن ئىبنى فەخرىددىن: كېيىنكى دەۋر مۇئەللىپلىرىدىن بىرى مەۋزۇئ ھەدىسلەرگە ئائىت مۇنداق مەلۇمات بەرگەن دەيدۇ: "مەلۇمات تۆۋەندىكىچە: كەلبىنىڭ تەپسىرى بىلەن مۇقاتىل ئىبنى سۇلەيماننىڭ كىتابى، ۋاقىدىنىڭ جەڭنامىسى ئاساسسىزدۇر. ئەبۇ لەيس سەمەرقەندىنىڭ «تنبيه الغافلين»(تەنبىھۇلغافىلىن) ناملىق كىتابىدا، غەززالىنىڭ ئىھياسىدا، ھەكىم تىرمىزى ئەسەرلىرىدە، ئومۇمەن تەسەۋۋۇپ كىتابلىرىدىكى ھەدىسلەرگە (ئەگەر باشقا يول بىلەن سەھىھلىكى ئىسپات قىلىنمىسا) ئىشەنگىلى بولمايدۇ. يا على ! يا فاطمه (يا ئەلى! يا فاتىمە) شەكلىدە كەلگەن ھەدىسلەر، ئەقىل ھەققىدىكى، رەجەپ ۋە ئاشۇرا كۈنلىرى پەزىلىتى ھەققىدىكى، شۇنداقلا مەزكۇر كۈنلەر ۋە بىر قانچە پەيغەمبەرلەرگە ئىكرام قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسلەر مەۋزۇدۇر. قوب، غەۋس، نۇقەبا، ئەۋتاد، مەھدى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئىشەنچسىزدۇر. باغدات، بەسرە، كۇفە، قەزۋىن، مەرۋى، نەسىبىن، شام، ئەنتاكىيە، ئەسقەلان، ئىسكەندىرىيە، بۇخارا، مىسىر پەزىلەتلىرى خۇسۇسىدا كەلگەن ھەدىسلەر يالغاندۇر. ھېقىق، ئۈزۈك تاقاش، پىچاق بىلەن گۆشنى كېسىپ يېيىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى ھەدىسلەر توغرا ئەمەس. ھەزرىتى بىلالنىڭ شامغا بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ ئەزان ئېيتقاندا پۈتۈن مەدىنە خەلقىنىڭ يىغلىغانلىقى خەۋىرى، جابىرنىڭ بىر بالىسى ئىككىنچى بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغاندا رەسۇلۇللاھنىڭ دۇئاسى بىلەن تىرىلگەنلىك قىسسىسى، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۆز ئوغلى ئەبۇ شەھمەگە ھەد(تۆمۈر) ئۇرغانلىقى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارەنى زورلاپ پىرئەۋننىڭ خانىسىغا ئېلىپ كىرگەنلىكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن كانىيىغا پىچاق سۈرگەنلىكى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا ئىبلىس مۇسەللەت بولۇپ، ئاغرىپ بەدىنىنىڭ قۇرتلاپ كەتكەنلىكى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇريا خوتۇنىغا ئاشىق بولغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىغا ئەگەشكەنلىكىدىن بەيتۇلمۇقەددەستىكى سەخرە ھاۋادا مۇئەللەق بولۇپ قالغانلىقى، رەسۇلۇللاھ بىلەن تۆگە، ئېشەك ۋە بۆرىلەرنىڭ سۆزلەشكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر دۇرۇس ئەمەس. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تاۋۇتىنى مىسىردىن ئېلىپ چىققانلىقى، ئاد قەۋمىنىڭ جەننىتى قاف تېغىنىڭ باش تەرىپى زەبەرجەددى بولۇپ، پۈتۈن دۇنيانى قورشاپ تۇرغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىلىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئىناۋەتسىزدۇر.

يۇقىرىقى مۇئەللىپ كىتابىدىن تاللاپ ئالغانلىرىمىز مۇشۇلاردىن ئىبارەت. يەنە نۇرغۇن مەۋزۇ ھەدىسلەر بار".

ھەدىس ئالىملىرىنىڭ شۇنچە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىپ ھەدىسلەرنىڭ ئىسنادلىرىنى تەكشۈرۈپ ھەدىسلەرنى تۈرلەرگە ئايرىشتا ئىنچىكە قائىدە ـ ئۆلچەملەرنى بېكىتىپ علم مصطلح الحديث(ئىلمى مۇستەلەھىلھەدىس)تىن ئىبارەت بىر پەننى مەيدانغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ئەنە شۇ ئاساسسىز مەۋزۇ ھەدىسلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۆلىمالار جامائەسىنىڭ راست ھەدىس بىلەن يالغاننىڭ ئارىسىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ھەدىسشۇناسلار دۇرۇس ھەدىس بىلەن مەۋزۇ ھەدىسلەرنىڭ پەرقىنى ئايرىش ئۈچۈن بىر قاتار قائىدە ئۆلچەملەرنى بېكىتكەن:

1. نۇھ ئىبنى مەريەمگە ئوخشاش قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا مەۋزۇ ھەدىسلەر توقۇغانلىقىنى ئىقرار قىلىشى.

2. توقۇلغان ھەدىسلەرنىڭ لەفزىلىرى ۋە مەنىلىرىنىڭ چۇۋالچاق بولۇشى.

3. ئەقىلگە ۋە رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەسلىكى(نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ مەقام ئىبراھىم ئارقىسىدا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى دېگەنگە ئوخشاش).

4. كىچىك ئىش ئۈچۈن ئاستىدىن ئۈستىگىلەر ئىقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە نەچچە مىڭ ھۆر - غىلمان بىلەن مەڭگۈ ياشايدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان ياكى مەكرۇھ قاتارلىق كىچىك ئىش ئۈچۈن دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتىدىغان ھەدىسلەر.

5. ھەدىس بايان قىلغۇچىنىڭ كاززاپلىق بىلەن داڭ چىقارغان بولۇشى ۋەھاكازالار.

نۇرغۇن ھەدىسشۇناسلار جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ مەۋزۇ ھەدىسلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش، يالغان ھەدىس توقۇغۇچىلارنى پاش قىلىش يۈزىسىدىن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان.

تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم مۇھىملىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. «كتاب تذكرة الموضوعات»( مەۋزۇئاتلار تەزكىرىسى) ئەبۇلفەزىل مۇھەممەد ئىبنى تاھىر مەقسىرى يازغان.

2. «كتاب الأباطيل»( باتىللار كىتابى) ئابدۇللا ھەسەن ئىبنى ئىبراھىم ھەمەدانى يازغان.


3. «كتاب الموضوعات الكبرى» ( مەۋزۇئات كۇبرا) ئەبۇلفەرەج ئابدۇراھمان ئىبنى جەۋزى يازغان.

4. «كتاب اللآلي المضوعة في الأحاديث الموضوعة»( مەۋزۇ ھەدىسلەر توغرىسىدا) مۇھەددىس جەلالىدىن سۇيۇتى يازغان.


5. «تذكرة الموضوعات»( مەۋزۇلار تەزكىرىسى) ھىندىستانلىق مۇھەددىس جامالىددىن يازغان.

(داۋامى بار)

# ئىسلامغا دائىر يېڭى كىتابلار ئۇچۇرى



كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ژۇرنىلىمىز باش مۇھەررىرى شەمشىدىن ھاجىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن، ئون يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىدا بېرىلگەن 300 پارچىدىن ئارتۇق ئىسلام دىنىغا دائىر دىنىي ماقالە ئىچىدىن تاللانغان 90 پارچىدەك ماقالە — ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» جەۋھەرلىرى( 1 - توپلام) يېقىندا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ھىدايەت گۈلزارى» نامىدا 23 سەھىپە بويىچە نەشر قىلىنىپ رەسمىي تارقىتىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن باشقا نادىر ماقالىلەرنىمۇ داۋاملىق توپلام قىلىپ نەشر قىلدۇرماقچىمىز.



قۇرئان كەرىم تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور ھاجى يەھيا سەنۇبەر لىن سۇڭ نەشرگە تەييارلىغان «بىلىم خەزىنىسى — قۇرئان كەرىم» ژۇرنىلىمىز باش مۇھەررىرى شەمشىدىن ھاجىنىڭ تەرجىمە قىلىشى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىلگىرىكى سانلىرىدا «قۇرئان كەرىم بىلىملىرى خەزىنىسى» دېگەن تېمىدا بېرىلىپ كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. قۇرئان كەرىمدىكى بىلىملەر بىرقەدەر مۇپەسسەل شەرھلەنگەن 14 بابلىق، 700 بەتلىك بۇ ئەسەر يېقىندا «بىلىم خەزىنىسى — قۇرئان كەرىم» نامىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ ئەسەرنى شەمشىدىن ھاجى تەرجىمە قىلىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىسلامشۇناس، ھاجى خوجا ئابدۇللا ئوسمان تەرجىمە تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن.

# فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمى ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى

ياقۇپجان ئەزىز

بسم الله الرحمن الرحيم

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

ئىسلام شەرىئىتىدە بايان قىلىنغان ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف، ئىجمائ[1] ۋە قىياس[2] تىن ئىبارەت تۆت مەنبەنى ئاساس قىلىدۇ.

مەسىلىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىشتا ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسقا تايانماي، ھۆكۈم ئېلىش قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلماي ئۆز خاھىشى بويىچە ھۆكۈم چىقارغاندا، گەرچە ئۇ ھۆكۈم قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىفنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىپ قالسىمۇ لېكىن، ئۇ ھۆكۈم مەقبۇل ھۆكۈم بولالمايدۇ، شەرىئەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمايدۇ.

قۇرئان كەرىم ساپ ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان، ھەدىس ساپ ئەرەب تىلى بىلەن ئېيتىلغان، شۇڭا مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق ھۆكۈم بېرىش ئۈچۈن قۇرئان، ھەدىس ئىبارىلىرىنى شۇنداقلا ئەرەب تىلى ئىبارىلىرىگە خاس تىل قائىدىلىرىنى چۈشەنمەي بولمايدۇ.

ئىسلام دىنىدىكى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ دەلىل مەنبەلىرى، ئۇلارنىڭ دەرىجىسى، دەلىل ئېلىش پرىنسىپلىرى، دەلىل ئالغۇچىنىڭ بىلىشى ۋە رىئايە قىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ پەننىڭ نامى ئەرەب تىلىدا «أصول الفقه» (ئۇسۇلى فىقھە) بولۇپ، "أصول" ۋە "الفقه" دىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن.

«أصول» دېگەن سۆز «أصل» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئەرەب تىلىدا "يىلتىز، ئاساس، ئۇل" دېگەندەك مەنىلەردە كېلىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى نەرسىلەرنىڭ ئاستى قورۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

فىقھى ئىستېمالىدا بولسا بۇ سۆز تۆۋەندىكىدەك بەش خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ:

**1** ـ دەلىل، ئۇسۇل، قائىدە، پرىنسىپ دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن : الأصل في وجوب الصلاة، قوله تعالى: وأقيموا الصلاة (نامازنىڭ پەرزلىكىنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ "ناماز ئوقۇڭلار" دېگەن بۇيرۇقىدۇر). أصل هذه المسألة الكتاب والسنة (بۇ مەسىلىنىڭ دەلىلى قۇرئان ۋە ھەدىستۇر). بۇ مىساللاردا "أصل" دېگەن سۆز "دەلىل" دېگەن مەنىدە كەلگەن.

---

[1] ئىجمائ ــــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەرقانداق بىر دەۋردە يۈز بەرگەن دىنى ئەمەلى مەسىلىلەرنىڭ شەرئى ھۆكمىگە قارىتا قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپتە ئۈچۈق دەلىل بولمىغان ئەھۋالدا مۇسۇلمان مۇجتەھىد ئالىملىرىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى چىقىش قىلىپ، ئاشۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمىدە بىرلىككە كېلىشى.

[2] قىياس ــــ يېڭىدىن يۈز بەرگەن، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتە ئېنىق كۆرسەتمە بېرىلمىگەن مەسىلىگە ھۆكۈم چىقىرىشتا ئارقا كۆرۈنۈشنى (ئىللەت ۋە سەۋەبى) ئاشۇ مەسىلىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، قۇرئان، ھەدىستە ئۈچۈق ھۆكۈم بېرىلگەن مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى كۆچۈرۈپ ئىشلىتىش.

2 ـ ئومۇمى پرىنسىپ دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: بني الاسلام علي خمسة أصول: لا ضرر ولا ضرار... (ئىسلام دىنى بەش ئاساسى پرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان. 1 ـ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك، ئۆزىمۇ زىيان تارتماسلىق ...). بۇ مىسالدا " أصل" دېگەن سۆز "ئومۇمىي پرىنسىپ" دېگەن مەنىدە كەلگەن.

3 ـ "ئۈستۈن، مۇقەددەم، كۈچلۈك" دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: الأصل في الكلام الحقيقة (سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى مەجازىي مەنىسىگە مۇقەددەمدۇر). بۇ مىسالدا " أصل" دېگەن سۆز "مۇقەددەم" دېگەن مەنىدە كەلگەن.

4 ـ قىياس قىلىنىدىغان ئەسلى مەنبە دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: الخمر أصل النبيذ (هاراق ــ ئېچىتىلغان مېۋە سۈيىنى قىياس قىلىدىغان ئەسلى مەنبەدۇر). بۇ مىسالدا " أصل" دېگەن سۆز "ئەسلى مەنبە" دېگەن مەنىدە كەلگەن.

5 ـ مۇئەييەن، مۇقەررەر، ئېنىق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: الأصل الطهارة (تاھارەت ئالغان، لېكىن تاھارىتىنىڭ سۇنغان، سۇنمىغانلىقىدا گۇمانلانغان ئادەمگە نىسبەتەن تاھارەتنىڭ سۇنغانلىقى ئېنىق بولغانغا قەدەر پاكلىق مۇقەررەردۇر). بۇ مىسالدا " أصل" دېگەن سۆز "مۇقەررەر" دېگەن مەنىدە كەلگەن .

بۇ پەننىڭ نامى بولغان" أصول الفقه"دىكى "أصل" دېگەن سۆز يۇقىرىقى مەنىلەر ئىچىدىن بىرىنچى خىل مەنىدە يەنى "دەلىل" دېگەن مەنىدە كەلگەن.

" الفقه " سۆزى ئەرەب تىلىدا "بىر نەرسىنى بىلىش، چۈشىنىش" دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇ سۆز مۇتلەق بىلىش، چۈشىنىش دېگەن مەنىدە قوللىنىلماستىن، بەلكى سۆزلىگۈچىنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىش، چوڭقۇر چۈشەنچە، مۇكەممەل بىلىم دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغان.

مەسىلەن، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق كەلگەن:

قَالُوا يَا شُعَيْبُ مَا نَفْقَهُ كَثِيرًا مِمَّا تَقُولُ

**ئۇلار ئېيتتىكى: "ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ نۇرغۇنىنى چۈشەنمەيمىز".**

ــ سۈرە «هۇد»(11 ـ سۈرە) 91 ـ ئايەت

بۇ ئايەت كەرىمدە كۇففارلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا: "بىز سېنىڭ مەقسىتىڭنى (غەرىزىڭنى) بىلمىدۇق" دېگەن.

فَمَا لِهَؤُلاءِ الْقَوْمِ لاَ يَكَادُونَ يَفْقَهُونَ حَدِيثًا

**بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن، ئۇلار ھېچبىر سۆزنى(يەنى ھەممە شەيئىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى)چۈشەنمەيدۇ.**

ــ سۈرە «نىسا»(4 ـ سۈرە)، 78 ـ ئايەت

بۇ ئايەت كەرىمدە " الفقه" سۆزى چوڭقۇر چۈشەنچە مەنىسىدە كەلگەن.

وَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ« مَنْ يُرِدْ اللَّهُ بِهِ خَيْرًا يُفَقِّهْهُ فِي الدِّينِ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ تائالا بىر بەندىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇنى دىنى ئەھكاملانى بىلىدىغان ئالىم قىلىدۇ"** (ئىمام بۇخارى توپلىغان).

بۇ ھەدىستە"فقهى" سۆزى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى مۇكەممەل بىلىش دېگەن مەنىدە كەلگەن.

"فقهى" سۆزىنىڭ بۇ پەندىكى ئىستىمال مەنىسى: بەندىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە ئالاقدار بولغان شەرئى ھۆكۈملەرنى (پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، ھالال، ھارام، مەكروھ، مۇستەھەب، مۇباھ قاتارلىقلارنى) دەلىللىرى بىلەن بىلىش دېمەكتۇر.

" أصول" ۋە "الفقه" دېگەن بۇ ئىككى سۆزنىڭ لۇغەت ۋە ئىستېمال مەنىلىرى ئۆزئارا تولۇق ماسلاشقان بولۇپ، بۇ ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسى "ھەر خىل دىنى مەسىلىلەرگە شەرىئەتنىڭ ھۆكۈم مەنبەلىرىگە تايىنىپ، ئىجتىھات ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيىتىنى بىلدۈرىدىغان پەن"گە خاس نام قىلىپ قويۇلغان. بۇ ئىككى سۆز ئەرەب تىلى بىلىدىغان ئادەمگە بىر قاراش بىلەنلا ئۆزىنىڭ قانداق ئىلىم ئىكەنلىكىنى(نېمىنى تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى) كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

بۇ پەن شەرىئەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىنى (ئالىم ـ ئۆلىما، مۇجتەھىدلەرنى) مەسىلىلەرگە خاتا ھۆكۈم بېرىشتىن ساقلاپ قالىدۇ، شۇنداقلا توغرا ھۆكۈم بىلەن ئاساسسىز، خاتا ھۆكۈمنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ.

## بۇ ئىلمنىڭ پەيدا بولۇشى

فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمى ماھىيەتتە فىقھى ئىلمى بىلەن تەڭ، بەلكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى، لېكىن خاتىرىلىنىش، ئايرىم بىر پەن بولۇپ شەكىللىنىش جەھەتتە فىقھى ئىلمى فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمىدىن مۇقەددەمدۇر. ساھابىلەر ۋە تابىئىنلەر دەۋرىدە گەرچە فىقھى پرىنسىپلىرى خاتىرىلەنمىگەن ۋە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىسنى دەلىل قىلىپ ھۆكۈم چىقارغاندا مەلۇم قائىدە - پرىنسىپلارغا ئاساسلىناتتى. ئەمەلىي تارىخ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلاردىن چىققان مۇجتەھىد ئالىملار دەلىل ئېلىش يوللىرى، قائىدە - پرىنسىپلىرى جەھەتتە مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە ئىدى.

ئۇسۇلى فىقھى گەرچە خاتىرىلەنمىگەن، مەخسۇس بىر پەن شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسىمۇ، ئۇ فىقھى ئىلمىدىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. ساھابىلەر، تابىئىنلار تەرىپىدىن ئاللىبۇرۇنلا قوللىنىلغان. بۇنىڭ مىسالى خۇددى ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسىغا ئوخشاش. ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسىنىڭ رەسمىي بىر پەن شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقتى مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ. بىراق ئەرەبلەر گىرامماتىكا ئىلمى رەسمىي بىر پەن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇنلا شۇ گىرامماتىكا قائىدىلىرى بويىچە سۆزلەيتتى ۋە شۇ قائىدىلەرگە رىئايە قىلاتتى. شۇ ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان پاساھەتلىك شېئىرلارنى ۋە نەزمىلەرنى يېزىپ قالدۇرغانىدى.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئۇسۇلى فىقھى ئىلمىنىڭ خاتىرىلەنمەسلىكى، مەخسۇس بىر پەن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماسلىقى ئۇنىڭغا ئېھتىياج بولمىغانلىقىدىندۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق يۈز بەرگەن مەسىلىلەرگە ئۆزى بىۋاستە جاۋاب بېرەتتى. ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىر كىشىنىڭ دەلىللەردىن ئىجتىھات قىلىپ ھۆكۈم ئېلىشى بىھاجەت ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ھەر تۈرلۈك يېڭى ئەھۋاللار يۈز بەردى. بۇ مەسىلىلەرگە ھۆكۈم بەرمەي بولمايتتى. ساھابىلەردىن چىققان ئالىملار بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئالدى بىلەن قۇرئان كەرىمدىن جاۋاب ئىزدەيتتى، ئۇنىڭدىن جاۋاب تېپىلمىغاندا ھەدىس شەرىفكە مۇراجىئەت قىلاتتى، ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ بۇ مەسىلىگە ئېنىق ھۆكۈم چىقمىسا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇزۇن مەزگىل بىللە بولۇش جەريانىدا ھاسىل قىلغان مول دىنى بىلىمى، ئۆتكۈر ئەقىل - پاراسىتى ۋە پاك قەلبىگە تايىنىپ ئىجتىھات قىلاتتى. ئۇلار شەرىئەتنىڭ ھېكمەت - سىرلىرىنى، قۇرئان، ھەدىسنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى پىششىق بىلگەنلىكى، ئەرەب تىلى، ئەرەبى ئىبارىلەرنىڭ مەنىسى ۋە دالالىتىنى تولۇق چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلاردا ئىجتىھاتنىڭ شەرتلىرى تولۇق ھازىرلانغانىدى. شۇڭلاشقا ساھابىلەر دەۋرىدىمۇ فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمىدىن ئىبارەت بۇ پەن مۇستەقىل بىر پەن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقمىغان.

تابىئىنلار دەۋرىدىمۇ ئەھۋال شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتەتتى. تابىئىنلار دەۋرىدىن كېيىن ئىسلام دىنى ئەتراپى ئالەمگە تېخىمۇ كەڭ تارالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەجەملەر (غەيرى ئەرەبلەر)نىڭ ئىسلام دىنىغا كۆپلەپ كىرىشى، ئەرەبلەرنىڭ باشقا تىلدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە ئەرەب تىلىنىڭ ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولماي قالدى. مەسىلىلەرگە ئىجتىھات قىلىپ ھۆكۈم بېرىدىغان، پەتىۋا بېرىدىغانلار كۆپەيدى. تالاش - تارتىشلار مەيدانغا چىقتى. ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ قارىشىنى كۈچلەندۈرىدىغان، مەسىلىلەرگە ھۆكۈم بېرىشتە ئۆزى خالىغان پرىنسىپلارنى ئىشلىتىدىغان ئەھۋال يۈز بەردى. دەل مۇشۇ پەيتتە ئەينى دەۋردىكى داڭلىق مۇجتەھىد ئالىملار ئىجتىھات قىلىش قائىدىلىرى، ئۇنىڭ شەرتلىرى، دەلىل ئېلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ھەممە كىشى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان، ئۆلچەم خاراكتېرلىك پرىنسىپلار يېزىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.


كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشىدا فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمىدىن ئىبارەت بۇ پەننى مۇستەقىل بىر پەن سۈپىتىدە، تۇنجى قېتىم قەلەم تەۋرىتىپ يېزىپ چىققان كىشى ئىسلام دىنىدىكى تۆت چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى بولغان شافىئىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئىدۇر (ھىجرىيە 204 - يىلى ۋاپات بولغان).

ئىمام شافىئىي دۇنياغا كەلگەن مەزگىلدە ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە ئىلگىرى ئۆتكەن چوڭ دىنى ئۆلىمالاردىن نۇرغۇنلىغان فىقھى بىلىم بايلىقى قالغان. ئۇ ئانا يۇرتى مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمانى دەپ نام ئالغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنىڭ ئىلمىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى تولۇق ئىگىلىگەن. ئاندىن كېيىن شۇ دەۋرىدىكى چوڭ - چوڭ ئىسلام دىنى مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىگە بېرىپ ئىسلام دىنىدىكى تۆت چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى بولغان مالىكى مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى ئىمام مالىكتا ئوقۇغان، ئۇنىڭ فىقھى بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭدىن كىيىن ئىراق، كۇفە شەھەرلىرىگە بېرىپ ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھنىڭ چوڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەد ھەسەن شەيبانىدىن ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ فىقھى ئىلمىنى ئۆگەنگەن.

ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر مەدرىسلەردە ئىگىلىگەن كەڭ دائىرىلىك بىلىمى ۋە مول تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ھەر خىل قاراش ۋە دەلىل ئېلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى فىقھى پرىنسىپلىرى ھەققىدە مۇكەممەل بىر نەزىرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىمام شافىئىي فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمى توغرىسىدا «مەشھۇر ئۇسۇل قائىدىلىرى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. ئۇ كىتابىدا قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈم بايان قىلىش ئەھۋاللىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئۇنىڭ قۇرئان كەرىمنى بايان قىلىدىغانلىقى، ئىجمائىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى، قىياس ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى، ئىلگىرىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرالايدىغان دەلىللەر، ھۆكمى ئەمەلدىن قالغان دەلىللەر، بۇيرۇق پېئىلى نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟ چەكلەش پېئىلى نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟ يالغۇز كىشىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستىن ھۆكۈم ئېلىش يوللىرى قانداق بولىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار ئىجتىھاتقا ئالاقىدار قائىدىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

ئىمام شافىئىنىڭ بۇ پەننى تولۇق، مۇكەممەل بىر پەن سۈپىتىدە يېزىپ چىقىشىغا مۇۋەپپەق بولۇشى ئۇنىڭ ئەرەب تىلى جەھەتتىكى مول بىلىمى، كلاسسىك ئەرەب تىلىدىنمۇ تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكى، قۇرئان كەرىمگە ئالاقىدار بىلىملەردىن سىرت يەنە، ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىملاردىن ھەدىس ئىلمىنىمۇ مۇكەممەل ئۆگىنىپ، بۇ جەھەتتە ۋايىغا يەتكەنلىكى، ئۆز دەۋرىدىكى دىنى ئەھكام ئىلمىنى بىرىنى قويماي ئىگىلىگەنلىكى، ساھابىلەر دەۋرىدىن تارتىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرگىچە ئۆتكەن بارلىق ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋا - ھۆكۈملىرىدىكى ئوخشىمايدىغان تەرەپلەر ۋە ئۇنىڭ ئوخشىماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى پۇختا بىلگەنلىكىدىندۇر.




## فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمىنىڭ تەتقىقات تېمىسى

بۇ پەننىڭ تەتقىقات تېمىسى قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ ۋە قىياسدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرئان ۋە ھەدىس ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەر قانداق ھۆكۈمنىڭ ئەسلى دەلىلى ۋە مەنبەسىدۇر. شۇڭا قۇرئان،

ھەدىسنى مۇكەممەل ئىگىلەش لازىم. قۇرئان، ھەدىسنىڭ ئىبارىلىرىنى چۈشىنىش، مۇكەممەل ئىگىلەش ۋە شەرھلەش ئۈچۈن شەرىئەتتىكى ھۆكۈم دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمىنى، ھۆكۈملەرنىڭ دەلىللىرىنى، شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي مەقسىتىنى، قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىفتىكى تېكىستلەر زاھىرى جەھەتتە ئۆز ئارا دوقۇرۇشۇپ قالغاندا، قارىمۇ قارشى ئۇقۇم ئىپادىلىگەندە قايسىسىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە قايسىسىنى ئېلىشنى، قايسى تېكىستلارنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان؟ قانداق تېكىستلار باشقا تېكىستلارنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ ؟ دېگەندەك مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان قائىدىلەرنى بىلمەي بولمايدۇ. بۇ پەن يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ چوڭ بابتا تەپسىلىي بايان قىلىدۇ:

**بىرىنچى باب: ھۆكۈم ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى:**

پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇستەھەب، ھالال، ھارام، مەكروھ، مۇباھ، رۇخسەت، سەۋەب، شەرت قاتارلىقلار.

**ئىككىنچى باب: ھۆكۈملەرنىڭ دەلىللىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى:** قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ، قىياس، ئىستىھسان[1] مەسالىھۇل مۇرسەلە(شەرىئەتكە ئۇيغۇن، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق، ئەمما ئۇنى قوبۇل قىلىش ياكى قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل يوق ئىشلار)، ۋاستە (ئىشنىڭ نەتىجىسىنىڭ ھۆكمىنى شۇ ئىشقا بېرىش)، ئۆرپ ـ ئادەت(قۇرئاننىڭ ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولغان ئۆرپ ـ ئادەتنى دەلىل تېپىلمىغاندا دەلىل قىلىش)، ساھابىلەرنىڭ سۆزى، ئىلگىرىكىلەرنىڭ شەرىئىتى قاتارلىقلار.

**ئۈچىنچى باب : ھۆكۈم ئېلىشقا ئالاقىدار قائىدىلەر.** بۇ قائىدىلەر ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

**1. ئەرەب تىلىغا ئالاقىدار ئۇسۇل قائىدىلىرى**

دەلىللەردىن ھۆكۈم ئېلىش يوللىرى ۋە دەلىل ئېلىش قائىدىلىرى. خاس، ئام، مۇتلەق، مۇقەييەد، بۇيرۇق پېئىلى، چەكلەش پېئىلى، ھەقىقەت، مەجاز قاتارلىقلار.

**2. شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي مەقسىتىنى تونۇش**

بۇ مەقسەت ـ زەرۇرىيات (كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا، جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا زۆرۈر بولغان ئىشلار. مەسىلەن: دىننى ساقلاش، ھاياتنى ساقلاش، ئەقلى قابىلىيىتىنى ساقلاش، نەسلىنى ساقلاش، مال ـ مۈلۈكنى ساقلاش)، ھاجىيات (كىشىلەردىن قىيىنچىلىقنى ۋە مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىش)، تەھسىنات (كىشىلەرنى يۈكسەك ئەدەپ ـ ئەخلاققا، ئالىيجاناب پەزىلەتكە يېتەكلەش) قاتارلىق ئۈچ نۇقتىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ.

**3. ھۆكۈمنى ئەمەلدىن ئالدۇرىدىغان تېكىستلەر**

ھۆكمى ئەمەلدىن قالغان تېكىستلەر، تېكىستلەرنىڭ ئۆزئارا دوقۇرۇشۇپ قېلىش ئەھۋالى، تېكىستلەر ئۆزئارا دوقۇرۇشۇپ قالغاندا كۈچلەندۈرۈشكە ئالاقىدار قائىدىلەر.

## فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمىنى ئۆگىنىشنىڭ مەقسىتى

بىز يۇقىرىدا فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمى، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات تېمىسىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئۇنداقتا ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ بۇ سوئالغا دوكتور ۋەھبەتۇز زۇھەيلى(سۈرىيە دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىئەت فاكۇلتېتى، ئىسلام دىنى فىقھى ئىلمى ۋە فىقھى پرىنسىپى ئىلمىنىڭ پروفېسسورى) ئۆزىنىڭ «ئىسلام فىقھى پرىنسىپلىرى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

**1 ـ تارىخى جەھەتتىن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.** بىز فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىلگىرىكى مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ ئىلمى قۇۋۋىتى، ھۆكۈم ئېلىش يوللىرى ۋە قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ھۆكۈم بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخى بىلىمگە ئىگە بولىمىز. ھېچقانداق بىر ئىنسان تارىخىي دەرسلىكىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلمايدۇ. چۈنكى، تارىخ بىر مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن كەلگۈسىنى باغلاشتا ۋە شۇ تارىخ ئاساستا كەلگۈسى پىلانلارنى لايىھەلەشتە زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

**2 ـ ئىلمى ۋە ئەمەلى پايدىلىنىش قىممىتىگە**

[1] ئىستىھسان — بىر مەسىلىگە ھۆكۈم بېرىشتە ئارقا كۆرۈنۈشى جەھەتتە ئوخشاش مەسىلىگە قىياس قىلىشنى تەرك ئېتىپ، باشقا بىر كۈچلۈك دەلىل بىلەن شەرىئەتنىڭ روھىغا يېقىن بولغان ھۆكۈم بېرىش.

ئىگە. فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمىنى ئۆگىنىش مۇجتەھىد ئالىمغا نىسبەتەن دەلىللەردىن ھۆكۈم ئېلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلايدۇ. ئەمما مۇجتەھىدلارنىڭ كۆرسەتكەن يولىغا ئەگىشىپ ماڭىدىغانلارغا نىسبەتەن تارىخى پايدىلىنىش قىممىتىدىن باشقا يەنە، ئۆزى ئەگەشكەن مۇجتەھىدنىڭ ھۆكمىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىش ۋە قانائەت ھاسىل قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

**3 - ئىجتىھاتتا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.**

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك بۇ ئىلىم مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ مەسىلەرنى ئىجتىھات قىلىشىغا ياردەم بەرگەندىن سىرت، تەتقىقاتچىلارنى ئىلگىرىكى فەقىھلەرنىڭ سۆزلىرىنى تاللاش ۋە كۈچلەندۈرۈش، يېڭىدىن يۈز بەرگەن ئەھۋاللارغا ئىلگىرىكىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە ھۆكۈم بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ.

**4 - قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن ساقلايدۇ.** ھەر قايسى فىقھى مەزھەپلەرنىڭ ئوخشىمىغان ھۆكۈملىرىنى سېلىشتۇرۇش جەھەتتە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ھەر قايسى مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ بەزى مەسىلەرگە بەرگەن، ئوخشىمايدىغان ھۆكمىنى سېلىشتۇرۇشتا چوقۇم فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمىنىڭ قائىدە - قانۇنىيىتىگە يۈلەنمەي بولمايدۇ.

**5 - دىنى جەھەتتە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.** فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمىنى ئۆگىنىش شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرىنى مۇستەھكەملەش يولى. ئۇ شەرىئەتكە تەكلىپ قىلىنغان كىشىلەرنى شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە دىنى ئەمر - پەرمانلارنى بەجا كەلتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ. فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمىنى ئۆگىنىشتىن مەقسەت شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ۋە بىلىش ئۈچۈندۇر. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ۋە بىلىش بولسا بەندىنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشىگە سەۋەب بولىدۇ («فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى. 30 - بەت).

يىغىنچاقلىغاندا، فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمى ھەر بىر مۇجتەھىدكە، ھەر بىر مۇپتىغا، ھەر بىر ئالىمغا، ھەر بىر تالىپۇل ئىلىمگە ئۆگىنىش ۋە بىلىش زۆرۈر بولغان ئىلىملەرنىڭ بىرى.

ھازىرقى بىر قىسىم ئىماملىرىمىز ۋە ئۆلىمالىرىمىز بۇ ئىلىمگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن قۇرئان، ھەدىستىن خاتا ھۆكۈم چىقىرىۋالىدىغان، ھەتتا ئەرەب تىلىدىن بىخەۋەر ھالدا قۇرئان، ھەدىستىن ئۆز رايى بىلەن ھۆكۈم ئالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ئەمگىكىگە، ئۇلارنىڭ ئىجتىھات ۋە ئىزدىنىشلىرىگە توغرا قاراش، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلدۈرۈش روھى بولمىغانلىقتىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۇجتەھىد ئالىملارنى ئەيىبلەيدىغان، ھاقارەتلەيدىغان ئەھۋاللارمۇ ھەم مەۋجۇت. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس.

ئاللاھ تائالا ھەقىقى مۆمىنلەرنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن دىنى قېرىنداشلىرىغا تۇتقان مەيدانىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن. دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىباندۇرسەن".**

— سۈرە«ھەشر» (59 - سۈرە)، 10 - ئايەت

بىز مەسىلەرگە ھۆكۈم چىقارغاندا خاتالىقتىن ساقلىنىش، ئىلگىرى ئۆتكەن مۇجتەھىد ئالىملىرىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى توغرا تونۇپ ۋە قەدىرلەپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيىتىمىزگە لايىق ئۆلىمالاردىن بولۇش ئۈچۈن ھەر قايسى جەھەتلەردە بىلىم قۇرۇلمىمىزنى مۇستەھكەملىشىمىز، جۈملىدىن فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمىنى مۇكەممەل ئىگەللىشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى ئۇستازى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئۆلۈم ھېكمىتىدىن ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىگىچە

نەزىرە مۇھەممەد سالىھ

بسم الله الرحمن الرحيم

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** ئىسلام تەتقىقاتچىسى نەزىرە خانىم نۇرغۇن تەپسىر ۋە فىقھى كىتابلىرىدىن پايدىلىنىپ ۋە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، «ئۆلۈم ھېكمىتىدىن ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىگىچە» دېگەن تېمىدا «ئۆلۈمدىن باشلانغان ھاياتلىق»، «ئۆلۈمنىڭ سەكراتى»، «قەبرىدىن سادا»، «قىيامەتنىڭ چوڭ-كىچىك ئالامەتلىرى»، «قىيامەت قايىم بولغاندا»، «ئىنسانىنىڭ مەھشەرگاھتىكى ھالەتلىرى»، «ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا سوئال-سوراق»، «بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە يارىشا جەننىتى ۋە دوزىخى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنۈشى»، «جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى ۋە جەننەت ئەھلىنىڭ نېمەتلىرى»، «دوزاخ ئەھلى ۋە دوزاخ ئازابلىرى» ۋە «خاتىمە» قاتارلىق كىچىك تېمىلاردا سالماقلىق بىر ئەسەرنى يېزىپ چىققاندى. ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن باشلاپ، پارچىلارغا بۆلۈپ بۇ ماقالىنى تولۇق بەرمەكچىمىز. بۇ ساندا ماقالىنىڭ كىرىش قىسمى ۋە 1- مەزمۇنىنى بەردۇق.

ئۆلۈم ئىنساننىڭ بىلىش ئېڭى ۋە قۇدرىتىدىن ھالقىغان، ئىنسان قارشى تۇرالمايدىغان، ئۆزگەرتەلمەيدىغان ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىك. ئۆلۈم — ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتلىق مەنزىلىنىڭ ئاخىرقى پەللىسى. ئۆلۈم ھاياتلىق جۈملىسىگە ئۇرۇلغان چېكىت. بۇ چېكىتنىڭ كەينىگە ئىلاھىي ھۆكۈم بىلەن ھايات-مامات ھەقىقەتلىرى يوشۇرۇنغان.

ئۆلۈم ئەزەلدىن ئىنسانىيەتنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى ۋە تەپەككۇرىدا، دىنلارنىڭ ئېتىقاد-ئەقىدىلىرىدە، پەلسەپە ئىلمى تەتقىقاتىدا چوڭقۇر ئىزنى قالدۇرۇپ كەلدى. ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىشى پەقەتلا بىر ئىپتىدائى تۇيغۇ. ھالبۇكى بۇ تۇيغۇنىڭ كەينىدە جاۋاب بېرىشنى كۈتۈپ تۇرغان تېخىمۇ ماھىيەتلىك سوئاللار بار.

ئۆلۈمنى ئۈزۈل-كېسىل ھالاكەت دەپ چۈشەنگەن كىشىلەر قاراڭغۇلۇق، چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پاتتى.

ھالبۇكى پەيلاسوپلار، دوختۇرلار بىر ئۆمۈر ئىزدىنىپمۇ بىلەلمىگەن نەرسىنى ئىمان بىلەن دىلى يورۇغان مۆمىن خاتىرجەملىك ئىچىدە بىلىۋالدى. ئىنسان بىكاردىن بىكار يارىتىلمىغان. ئۇنىڭ يارىلىشى، ياشىشى، ئۆلۈشى ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى يېشىمىدا چوڭقۇر ھېكمەت ۋە ئۇلۇغ مەقسەت بار. ئىسلام ئەقىدىسىگە سىڭىپ كەتكەن ئۆلۈم ۋە ئاخىرەت ھاياتى مۇكەممەل سىستېما ۋە كۈچلۈك پەلسەپىۋى مەنتىقە ھاسىل قىلغان. ئىسلام سايىسى ئاستىدىكى ئۆلۈم، قەبرە ھاياتى، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى، قىيامەت كۈنىنىڭ ئەھۋاللىرى، جەننەت نېمەتلىرى، دوزاخ ئازابى — مانا بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئىبرەت ۋە ھېكمەت شولىلىرى پارلىغان مۇپەسسەل ئىلىم.

قاراپ بېقىڭ! بۈگۈنكى ئادەم ھاياتى دۇنيانى

ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى قىلىۋالدى. دۇنياغا بولغان زىيادە ئامراقلىق ئازراقمۇ بوشلۇق قويمىغان ھالدا ئۇنىڭ نەپسىنى ئىگىلەپ كەتتى. ئۆلۈم ۋە قىيامەت ئۇنىڭغا تولىمۇ يىراقتىكى ئىشتەك بىلىنىدىغان بولدى.

**كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىنىدىغان ۋاقىت(يەنى قىيامەت) يېقىنلاشتى، ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەت توغرۇلۇق ئويلىنىشتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر.**

— سۈرە «ئەنبىيا»(21 - سۈرە)، 1 - ئايەت

ئۆلۈمدىن سوزۇلغان ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىدىن ھايات ھەقىقەتلىرى چاقنايدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ ھەر بىرىمىزنى ئۆلۈم ۋە ئاخىرەت ھەقىقەتلىرى ھەققىدە سوراش، سۆزلەش، تەپەككۇر قىلىش ۋە بىلىش بەختىدىن نېسىۋىدار قىلغاي! ئاللاھ تائالا بىزنى قىيامەت كۈنىدىكى ئېغىر ھېسابتىن ئىلگىرى دۇنيادا ئۆزىدىن ھېساب ئالىدىغان، تەقۋالىق ۋە ياخشى ئەمەللەرنى ئاخىرەتلىك سەپىرىنىڭ ئوزۇقى قىلغان سائادەتمەنلەردىن بولۇشقا مۇيەسسەر قىلغاي!

## ئۆلۈمدىن باشلانغان ھاياتلىق

**سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى.**

— سۈرە «مۈلك »(67 - سۈرە)، 2 - ئايەت

**ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە جان بەردى(يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابىمەنى ئىدىڭلار)، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) ئاللاھ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا(ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر.**

— سۈرە«بەقەرە»(2 - سۈرە)، 28 - ئايەت

ھەق بىلەن باتىلنى، ھىدايەت بىلەن گۇمراھلىقنى ئايرىغۇچى قۇرئاننىڭ يۇقىرىقى ئايەتلىرى ھەقىقەتەن ئىزدىگۈچىلەر ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. قۇرئان كەرىم بىزگە شۇنداق دەيدۇ: ئۆلۈم ھاياتلىقنىڭ خاتىمىسى ئەمەس، بەلكى ئاخىرەتتىكى يېڭى بىر ھاياتنىڭ مۇقەددىمىسى، ئىنسان پەقەت دۇنيا ھاياتى ئۈچۈنلا يارىتىلمىغان، بەلكى تېخىمۇ ئېسىل ۋە مەڭگۈلۈك ھايات ئۇنىڭ قارارگاھى. ئۆلۈم ئىنساننىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەكسىچە ئىنسان ئۆلۈم ئارقىلىق بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا، چەكلىك ھاياتتىن چەكسىز ھاياتقا يۆتكىلىدۇ. ئاللاھ تائالا دۇنيانى ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى قىلىپ ياراتتى، ئىنسان ھامان يوقىلىدىغان بۇ پانىي دۇنيادا ئاخىرەتتىكى ھاياتى ئۈچۈن قىلغان تەييارلىقىدىن ئىمتىھان بېرىۋاتقان كىشىدۇر. بۇ ھاياتتىكى ئەمەللىرى بىلەن گويا ئېتىزىغا ئۇرۇق سېلىۋاتقان دېھقانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ھوسۇلىنى ئاخىرەتتە يىغىۋالىدۇ. شۇڭا سەلەف ئالىملىرىنىڭ كىتابلىرىدىكى مۇنداق بىر ھېكمەت مۇسۇلمانلار ئەقىدىسىدىكى ئۆلۈمنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ: ''سىلەر مەڭگۈگە يارىتىلدىڭلار، سىلەر ئۆلۈم ئارقىلىق پەقەت بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا يۆتكىلىسىلەر''.

ئۆلۈم— روھنىڭ تەندىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشىدۇر، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ تىرىلدۈرۈشى بىلەن روھ يەنە تەنگە قايتىپ كېلىدۇ. ھاياتلىقتىن ئۆلۈمگە، ئۆلۈمدىن ھاياتلىققا باشلانغان يول ئاللاھنىڭ ئادەم باللىرىغا پۈتكەن تەقدىر- قىسمىتىدۇر. ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، رەھمىتى، ئادالىتى شۇنداقلا غەيب ئىلمى ئايان بولىدۇ.

**ھەربىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر.**

— سۈرە «ئەنبىيا»(21 - سۈرە)، 35 - ئايەت

ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ھاياتىي دۇنيادا چەكلىك نەپەسلەرنى ۋە ۋاقىتى- سائىتى ئېنىق ئەجەلنى بېكىتكەن. ئىنسان ئۆزىنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈشىنى بىلمەيدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە خاس غەيب ئىلمى دائىرىسىدىكى ئىشتۇر. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ***''ئاللاھ تائالا بالىغا قورساقتىكى چېغىدىلا بىر پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلىدۇ، پەرىشتە: 'ئى رەببىم، بۇ ئابى مەنىدۇر، ئى رەببىم، بۇ ئۇيۇل قاندۇر، ئى رەببىم، بۇ بىر پارچە گۆشتۇر' دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تولۇق يارىتماقچى بولغاندا، پەرىشتە: 'بۇ بالا ئوغۇلمۇ،***

**قىزمۇ؟ ساڭا ئاسىيلىق قىلامدۇ، ئىتائەت قىلامدۇ؟ ئۇنىڭ رىزقى ۋە ئۆمرى قانچىلىك بولىدۇ؟' دەپ ئاللاھتىن سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىكىلەر بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدىلا پېشانىسىگە پۈتۈلىدۇ**"(ئىمام بۇخارى توپلىغان). ئىنسان مەيلى كېسەل بىلەن ئۆلگەن، ياكى سۇغا غەرق بولۇپ، ئوتتا كۆيۈپ ۋە ياكى باشقا تۈرلۈك سەۋەب-ھادىسىلەر بىلەن ئۆلگەن بولسۇن، ئاللىبۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلىپ، ئىنسان تەقدىرىگە پۈتۈۋېتىلگەن ئەجەل بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ.

**ھېچ كىشى ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، ئاللاھ ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن.**

—سۈرە«ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 145-ئايەت

ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم تەگدىشى، ئوخششى يوق بىر ئاللاھنىڭ ئىلكىدە. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ 99 گۈزەل ئىسىملىرى ئارىسىدىكى "المُحْيِى" (تىرىلدۈرگۈچى، ھاياتلىق بەرگۈچى)، "المُمِيت" (جان ئالغۇچى، ئۆلتۈرگۈچى) سۈپىتىنىڭ مەنىسىدۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتى چەكسىز، ئەنە شۇلاردىن بىرى ئىنساننىڭ ئەجەل سائىتىنى ئۇنىڭدىن مەخپىي قالدۇرغانلىقى. پەيلاسوپ ھەكىم مۇنداق دېگەن: "ئەگەر قاچان ئۆلۈشۈمنى بىلگەن بولسام، ئاللىبۇرۇن ئەقلىمدىن ئاداشقان بولاتتىم. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە رەھمەت يۈزىسىدىن غەپلەت ۋە تۈگىمەس ئارزۇ-ھەۋەسلەرنى ئاتا قىلىپتۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغىنىدا ئادەمگە يېگىنى زەھەر، كىيگىنى كېپەن بولغان، زېمىنمۇ مۇنچە ئاۋات بولمىغان بولاتتى".

مۆمىنگە شۇ نۇقتا ئايان بولۇشى كېرەككى، ئاللاھ تائالا ھاياتنى تۈپتۈز، داغدام يول ئەمەس، تۈرلۈك زىيان-زەخمەت، بالايى-ئاپەت، ئەزىيەتكە تولغان سىناق مەيدانى قىلىپ ياراتقان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتا كۆيدۈرۈلۈشى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قورقۇنچ ۋە سەپەر بىلەن سىنىلىشى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ھەمراھى تەرىپىدىن سېتىۋېتىلىشى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۇففار، مۇشرىكلار بىلەن كۆرەش قىلىپ ھىجرەت قىلىشى ئاللاھنىڭ ئەنە شۇ قانۇنىيىتىگە ماس كەچمىشلەردۇر. قۇرئاننىڭ كۆندەك روشەن ئايەتلىرى، پەيغەمبەرلەر، سالىھلارنىڭ ھايات يوللىرى بۇ نۇقتىنى دەلىللەپ تۇرىدۇ.

**بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان-زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا(جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.**


— سۈرە «بەقەرە»(2-سۈرە)، 155-ئايەت

ئاللاھنىڭ ئۇشبۇ ئايىتى دىلىغا سىڭگەن مۆمىن كېسەل بولسا ئاللاھنىڭ شىپالىقىدىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ. ئېغىرچىلىقتا قالسا نىجاتلىقتىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ. گۇناھ قىلسا ئاللاھنىڭ مەغپىرەت-كەچۈرۈمىدىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ. شۇڭا ئىسلام شەرىئىتىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھارام قىلىنغان. شۇنداقلا ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش، ئۆلۈمنى تىلەشمۇ چەكلەنگەن. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: "**سىلەرنىڭ بىرەرسىڭلار ئۆزىگە يەتكەن ئەزىيەت تۈپەيلى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئەگەر ھەقىقەتەن قاتتىق ئېغىرچىلىقتا قېلىپ تىلمەكچى بولسا مۇنداق دېسۇن: 'ئى ئاللاھ، ئەگەر ھايات ياشاش مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا مېنى ھايات قالدۇرغىن، ئەگەر ئۆلۈم مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا، جېنىمنى ئالغىن'** " (ئىمام بۇخارى توپلىغان)."**سىلەرنىڭ بېرىڭلار ئۆز ئۆلۈمىنى تىلىمىسۇن، ئەگەر ئۇ توغرا يولدىكى ئادەم بولسا ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى بىلەن ياخشىلىقلىرىمۇ كۆپىيىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ ئادەم يامان ئىش قىلغۇچى بولسا، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى بىلەن تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتىشى مۇمكىن**" (ئىمام بۇخارى توپلىغان).

بەزى كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ سىنىقى بولغان تۈرلۈك خاپىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە "بۇنداق قىينالغۇچە ئۆلۈپلا كەتسەم بوپتىكەن" دېگەندەك ئاچچىقىدا ئېيتقان سۆزلىرىمۇ رەسۇلۇللاھ چەكلىگەن قىلمىش قاتارىغا كىرىدۇ.

ئىنسان نەپسىگە ئېغىر تۇيۇلىدىغان، مۆمىن سەۋر بىلەن يۈزلىنىدىغان ئۆلۈمنى قۇرئاندا مۇسىبەت دەپ ئاتىغان. ئەمما ئىنساننىڭ ئۆلۈمنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قېلىشى تېخىمۇ چوڭ مۇسىبەتتۇر. چۈنكى

ئۆلۈمنى ئۇنتۇغان، ئۆلۈم ھەققىدە ئويلانمىغان ئادەمدە ئۆلۈمگە تەييارلىقمۇ بولمايدۇ. قەلبى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن خالىي، ئىككى قولى قۇرۇق ھالدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارغان ئادەم ھەقىقەتەن قاتتىق زىيان تارتقۇچىدۇر. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىدا ئىدىم، ئەنسارلاردىن بىر كىشى: ”ئى رەسۇلۇللاھ، كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەقىللىقى ۋە ھۆرمەتلىكى كىم؟“ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”ئۆلۈمنى ئەڭ كۆپ ياد ئەتكەن ۋە ئۇنىڭغا پۇختا تەييارلىق قىلغان ئادەم ئەڭ ئەقىللىق ئادەمدۇر، شۇنداق ئادەم بۇ دۇنيانىڭ ئىززىتى ۋە ئاخىرەتنىڭ بەختىنى قولغا كەلتۈرگەن ھالدا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ“** دەپ جاۋاب بەردى(ئىبنى ماجە توپلىغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە مۇنداق تەلىم بېرەتتى: **”سىلەرنى دۇنيا لەززەتلىرىگە غەرق بولۇپ كېتىشتىن توسقۇچى ئۆلۈمنى كۆپ ياد ئېتىڭلار“** (نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان). **”قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىڭلار، شۇنداق قىلىش ئاخىرەتنى ئېسىڭلارغا سالىدۇ“** (ئىمام مالىك، ئىبنى ماجە توپلىغان). شۇنداق، ئۆلۈمنى ياد ئېتىش بىلەن تاشتەك قېتىپ كەتكەن قەلبلەر يۇمشايدۇ، دۇنيا نېمەتلىرىگە بېرىلىپ چۆكۈپ كەتكەن غاپىللار ئويغىنىدۇ، گۇناھ، ھارام ئىشلار ئۈچۈن بېسىلغان قەدەملەر كەينىگە يانىدۇ. ئۆلۈمنى ياد ئېتىش كىشىنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىشتىن ئىلگىرى بۇ دۇنيادا ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشقا چاقىرىدۇ. بۇ چاقىرىق بىلەن ئىنسان جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىشقا نائىل بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كېچە-كۈندۈزدە ئۆلۈمنى 21 قېتىم ياد ئەتكەن(بۇنىڭدا سان مەقسەت ئەمەس، بەلكى ياد ئېتىشنىڭ كۆپلۈكىگە تىمسال قىلىنغان)، كىشىنىڭ قىيامەت كۈنىدە شېھىتلار بىلەن بىللە توپلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ تەۋسىيەلەر ئۆلۈمنى كۆز ئۇڭىدا تۇتۇشنىڭ بەندىنىڭ ئىمانى، ئەخلاقى، ئەمەللىرىنى تۈزەشتىكى پەزلى-ھېكمىتى سەۋەبىدىن ئېيتىلغان.



ئىنسان ھاياتىدا خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق، بەخت بىلەن بەختسىزلىك ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئىنسانغا قاتتىقلىق يەتسە ئۆلۈمنى ياد ئېتىش بىلەن دۇنيا مۇسىبەتلىرى ئۇنىڭغا يەڭگىل تۇيۇلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا خۇشاللىق نېسىپ بولسا، ئۆلۈمنى ئېسىگە ئېلىش بىلەن دۇنيا پاراغەتلىرىگە مەغرۇرلىنىپ كەتمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە تەۋسىيە قىلغان ئۆلۈمنى كۆپ ياد ئېتىش ھەر بىر مۆمىن خۇلقلىنىشقا تېگىشلىك پەزىلەتتۇر. شۇڭا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشكەن ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە سەلەف سالىھلارنىڭ ھەر بىر نەپەسىدە، ئولتۇرۇپ-قوپۇشلىرىدا ئۆلۈمنى كۆز ئۇڭىدا تۇتقانلىقىدەك خىسلىتىدىن ئىسلام دىنىنىڭ شۇ چاغلاردىكى نۇسرىتىنىڭ سىرىنى چۈشەنگەندەك

بولىمىز. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھەر ئاخشىمى ئۆلىمالارنى يىغىپ ئۆلۈم، قىيامەت، ئاخىرەت ئەھۋاللىرى ھەققىدە ئىلمىي سۆھبەت ئېلىپ باراتتى. سۆھبەتنىڭ ئاخىرى قاتتىق يىغا - زارە بىلەن ئاياغلىشاتتى، سىرتتىن بىرەرسى كىرىپ قالسا ئۇلارنىڭ ھالىغا قاراپ بۇ يەردە بىرەر مۇسىبەت بولۇپ، جىنازا ئالدىدا ئوخشايدۇ دەپ قالاتتى. ئالىم ئىبراھىم تەيىمى مۇنداق دەيتتى: ”ئىككى نەرسە مېنى دۇنيا لەززەتلىرى بىلەن ھۇزۇرلىنىشتىن توسۇپ تۇرىدۇ، بىرى ئۆلۈمنى ياد ئېتىش، يەنە بىرى قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ھېساب بېرىش ئۈچۈن تۇرۇش“.

ئۆلىمالار ئۆلۈمنى كۆز ئوڭىدا تۇتقان كىشىنىڭ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك پايدىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ: 1 - تەۋبىگە ئالدىرايدۇ؛ 2 - قەلب خاتىرجەملىكىگە ئېرىشىدۇ؛ 3 - ئىبادەتلىرىگە ئىخلاس ۋە تەقۋالىقنى ھەمراھ قىلىدۇ. ئۆلۈمنى ئۇنتۇغان ئادەم مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك زىيان تارتىدۇ: 1 - تەۋبىنى كېچىكتۈرىدۇ، شۇ يوسۇندا ئەجەل كەلگىچە غەپلەتتە قالىدۇ؛ 2 - قانائەت ۋە سەۋردىن مەھرۇم قالىدۇ؛ 3 - ھايات دېگەن ئۇزۇن، كېيىن قىلىۋالارمەن، ئېتىۋالارمەن دېگەن شەيتان ۋەسۋەسىسى بىلەن ئىبادەتكە ھۇرۇنلۇق قىلىدۇ.

مەشھۇر مۇپەسسىر ئالىم ئىبنى كەسىر «تەپسىرى ئىبنى كەسىر» كىتابىدا:

**ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ.**

— سۈرە «ئەنئام» (6 - سۈرە)، 125 - ئايەت

دېگەن ئايەت ھەققىدىكى شەرھىدە ئوخشاش مەزمۇندىكى ئىككى ھەدىسنى كەلتۈرگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ’**ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ**‘ ئايىتىنى ئوقۇدى، ساھابىلەر: ’ئى رەسۇلۇللاھ، كۆكسىنى ئېچىش قانداق بولىدۇ؟‘ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’**ئۇ قەلبكە سېلىنىدىغان نۇردۇر**‘ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار: ’ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇنىڭ بىلگىلى بولىدىغان ئالامىتى بارمۇ؟‘ دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ: ’**ھەئە، بار، ئۇ ئالامەت بولسا كىشىنىڭ ئاخىرەتنى مەقسەت قىلىشى، ھايات زىننەتلىرىگە بېرىلىپ كەتمەسلىكى، ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆلۈمگە ئوبدان تەييارلىق قىلىشىدۇر**‘ دېدى“.

تابىئىنلاردىن بولغان مەشھۇر ئالىم ھەسەن بەسرى مۇنداق دېگەن: ”بۇ دۇنيادا ئۆزىگە ھېساب تۇرغۇزغانلار مۆمىنلەردۇر، دۇنيادا ئۆزىدىن ھېساب ئالغان كىشىگە قىيامەت كۈنى ھېساب يېنىك بولىدۇ، قىيامەت كۈنىدىكى ئېغىر ھېساب دۇنيادا ئۆزىدىن ھېساب ئالماي ئىش قىلغانلارغا كېلىدۇ“. ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقان، تەقۋادارلىقنى ئۆز خۇلقى قىلغان مۆمىنگە نىسبەتەن ئۆلۈم قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك ئەمەس، چۈنكى ئۆلۈم ئۇنى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشقا يەتكۈزىدىغان بېكەت، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە تەييارلىغان كاتتا ئەجىر - مۇكاپاتى، ئۆلۈشمۇ، قېرىشمۇ، ئازابمۇ بولمىغان جەننەتتە مەڭگۈ ياشاشتۇر. ئىمام ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ”ئۆلۈم مۆمىن ئۈچۈن مەينەت، كىر كىيىمنى سېلىۋېتىپ ئەڭ ئېسىل كىيىمنى كىيىش، تەنھا، غېرىب كۈلبىسىدىن ھەشەمەتلىك، كۆڭۈلنى خوش قىلىدىغان تۇرالغۇغا كۆچۈشتۇر. شۇڭا ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش مۇسۇلماننىڭ خۇلقى ئەمەس. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى يامان كۆرىدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇ ئادەمگە مۇلاقات بولۇشنى يامان كۆرىدۇ**“ (ئىمام بۇخارى توپلىغان).

ئۆلۈم ئىنسان ئۈچۈن يېتەرلىك ۋەز - نەسىھەتتۇر، پەقەت كور قەلبلەرلا ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمايدۇ. ئۆلۈم ئىنسانغا يېڭى، مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئىنسان بۇ دۇنيادىكى ئەمەللىرى بىلەن ئۇنى نېمەتلىك ياكى ئاپەتلىك ھاياتقا ئايلاندۇرىدۇ.

(داۋامى بار)

# جۇمە نامىزى ۋە جۇمە خۇتبىسى ھەققىدە سوئال - جاۋابلار



ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

**1. جۇمەنىڭ سۆز مەنىسى نېمە؟**

ج: جۇمە ئەرەبچە سۆز بولۇپ، يىغىلىش، ئۇيۇشۇش، بىرلىشىش، جەملىنىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**2. جۇمەنىڭ شەرىئەتتىكى ئىستېمال مەنىسى نېمە؟**

ج: ھەر ھەپتىنىڭ جۇمە كۈنى پېشىن نامىزى ۋاقتىدا، جۇمە نامىزىنى ئادا قىلىش شەرتى ھازىرلانغان كىشىلەرنىڭ ئىمامنىڭ باشلامچىلىقى، يېتەكلىشى ئاستىدا بىر ئورۇنغا يىغىلىپ ناماز ئوقۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

**3. جۇمە نامىزى قاچان، قەيەردە پەرز قىلىنغان؟**

ج: جۇمە نامىزى رەسۇلۇللاھ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن مەككە مۇكەررەمەدە پەرز قىلىنغان.

**4. جۇمە نامىزىنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: جۇمە نامىزى پەرز ئەين (ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزى قىلمىسا ئادا تاپمايدىغان پەرز) بولۇپ،

تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن ئىسپاتلانغان.

ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئەي مۆمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا)ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.**

— سۈرە«جۇمۇئە»(62 - سۈرە)، 9 - ئايەت

**5.جۈمە كۈنىنىڭ پەزىلىتى قانداق؟**

ج: جۈمە كۈنى دۇنيا كۈنلىرى ئىچىدىكى ئەڭ پەزىلەتلىك ۋە ئۇلۇغ كۈن بولۇپ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "جۈمە كۈنى كۈنلەرنىڭ كاتتىسى ۋە ئەڭ ئەۋزىلى، ئۇ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈندىنمۇ ئۇلۇغدۇر" (بەيھەقى توپلىغان).

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "قۇياش چىققان كۈنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى جۈمە كۈنى بولۇپ، شۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان، شۇ كۈندە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن، شۇ كۈندە جەننەتتىن چىقىرىلغان. شۇ كۈندە قىيامەت بولىدۇ" (مۇسلىم توپلىغان).

**6. جۈمە نامىزىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى ھېكمەت نېمە؟**

ج: جۈمە نامىزى جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا شەرتى ھازىرلانغان مۇسۇلمانلارنى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم بىر ئورۇنغا يىغىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىگە ئالاقىدار بولغان ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا ياردىمى بولىدىغان بىر قىسىم مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ تەلىم بېرىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن چەكلەش، مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ئالدىدا باراۋەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش، ئۇلارنى ئۆزئارا دوستلاشتۇرۇش ۋە تونۇشتۇرۇش، بىرلىكتە دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىنى تىلەش مەقسىتىدە يولغا قويۇلغان.

**7. جۈمە نامىزىنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟**

ج: 1) ئەر كىشى بولۇش(ئايالغا پەرز ئەمەس)؛ 2) بالاغەتكە يەتكەن بولۇش(سەبى بالىغا پەرز ئەمەس)؛ 3) تېنى ساغلام بولۇش(قارىغۇ، پالەچ ۋە كېسەل كىشىلەرگە پەرز ئەمەس)؛ 4) ئەركىن، ھۆر ئادەم بولۇش(قۇللارغا پەرز ئەمەس)؛ 5) يۇرتىدا مۇقىم تۇرغان كىشى بولۇش (مۇساپىر كىشىلەرگە پەرز ئەمەس).

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "جۈمە نامىزى ئايال، سەبى بالا، قۇل ۋە كېسەل كىشىلەردىن باشقا بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر" دېگەن (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "جۈمە نامىزى مۇساپىرغا پەرز ئەمەس" (دارىقۇتنى توپلىغان).

**8. جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتى قايسىلار؟**

ج: 1) كىشىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنت، شەھەر، بازار بولۇشى؛ 2) نامازغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان دىنىي باشلامچى ياكى ئىمام بولۇشى؛ 3) نامازدىن بۇرۇن خۇتبە ئوقۇلۇشى(ۋەز ئېيتىلىشى)؛ 4) جامائەت بولۇش، يەنى ئەڭ ئاز دېگەندە ئۈچ ئادەم بولۇشى؛ 5) پېشىن نامىزى بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا ئوقۇلۇشى لازىم.

**9. جۈمە كۈنى سەپەر قىلىش دۇرۇسمۇ؟**

ج: جۈمە كۈنى سەپەر قىلىشتا فىقھى ئۆلىمالىرىنىڭ كۆزقارىشى ئىككى خىل بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا ئاسانلىق يارىتىش، ئېغىرچىلىق سالماسلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەنەفىي ۋە مالىكى مەزھىپىدە پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن شەھەر دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلىسە، سەپەر قىلسا گۇناھ بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما كۈن قايرىلغاندىن كېيىن، جۈمە نامىزى ئوقۇشتىن بۇرۇن سەپەر قىلىشنى مەكرۇھ دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىلى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: "جۈمە سەپەر قىلىشتىن چەكلىمەيدۇ" دېگەن سۆزىدۇر. («دۇررۇلمۇختار»دىن ئېلىندى)

**10. جۈمە خۇتبىسىنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: فىقھى ئۆلىمالىرى خۇتبە ئوقۇشنىڭ جۈمەدە

شەرت ئىكەنلىكىگە، جۇمە نامىزىنىڭ خۇتبىسىز جايىز بولمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ ئەززە ۋە جەللىنىڭ:

**ئاللاھنى ياد ئېتىشكە(يەنى جۇمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۇمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار.**

—— سۈرە«جۇمۇئە»(62 - سۈرە)، 9 - ئايەت

دېگەن سۆزى بولۇپ، بۇ ئايەتتىكى "ياد ئېتىش" تىن مەقسەت خۇتبىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ خۇتبىسىز جۇمە ئوقۇمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مەن قانداق ناماز ئوقۇسام شۇنداق ناماز ئوقۇڭلار" دېگەن (بەيھەقى توپلىغان).

**11. خۇتبىنىڭ رۇكنىسى(ئىچكى شەرتى) قانچە؟**

ج: خۇتبىنىڭ رۇكنىسى بىر بولۇپ، "ئەلھەمدۇلىللاھى، سۇبھەنەللاھى، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ" غا ئوخشاش قىسقا ئىبارىلەر بىلەن بولسىمۇ ئاللاھنى ياد ئېتىش. بۇنىڭ ئاساسى:

1) ئاللاھ تائالانىڭ سۈرە«جۇمۇئە»دىكى: "**ئاللاھنى ياد ئېتىشكە ئالدىراپ بېرىڭلار**" دېگەن سۆزىدىكى "ئاللاھنى ياد ئېتىش" بىلەن ئىرادە قىلىنغان مەقسەت تەپسىرشۇناسلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن خۇتبە دەپ قارالغان. ئايەتتە ئاز-كۆپىنى ئايرىماستىن "زىكرى" ئىبارىسى كەلتۈرۈلگەن.

2) ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە ئولتۇرۇپ تۇنجى جۇمە ئوقۇغاندا، مۇنبەرگە چىقىپ، "ئەلھەمدۇلىللاھ" دەپلا تۇرۇپ قېلىپ، باشقا سۆز دېيەلمىگەن. ئۇ مۇنبەردىن چۈشۈپ ناماز ئوقۇغان. شۇ چاغدا ئۆلىما ساھابىلارنىڭ بىرەرسىمۇ بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرمىگەن («ھىدايە»دىن ئېلىندى).

**12. خۇتبىنىڭ تاشقى شەرتلىرى قانچە؟**

ج: خۇتبىنىڭ تاشقى شەرتلىرى ھەنەفىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا بەش تۈرلۈك: 1) جۇمە نامىز ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن بولۇش؛ 2) ۋەز ئېيتىش مەقسىتى بىلەن بولۇش؛ 3) ئۆز ۋاقتىدا بولۇش؛ 4) جۇمە ئوقۇشى دۇرۇس بولىدىغان كىشىلەردىن بىرەرسى بولسىمۇ ئاڭلاش؛ 5) ناماز بىلەن خۇتبىنىڭ ئارىسىنى يۇيۇنۇش، غىزالىنىشقا ئوخشاش يات ئىشلار بىلەن ئايرىماسلىق.

**13. خۇتبىنىڭ سۈننەتلىرى قانچە؟**

ج: خۇتبىنىڭ سۈننەتلىرى 15:

1) خاتىپ خۇتبە ئوقۇشتىن بۇرۇن ئولتۇرۇش، ئاندىن مۇئەززىن ئەزان ئېيتىش، ئاندىن خاتىپ خۇتبە ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇش. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى خۇتبە ئوقۇيتتى، ئۇ مۇنبەرگە چىققاندا مۇئەززىن ئەزاندىن پارىغ بولغانغا قەدەر ئولتۇراتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ بىرىنچى خۇتبىنى ئوقۇيتتى، ئاندىن ئولتۇراتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككىنچى خۇتبىنى ئوقۇيتتى**" (بەيھەقى توپلىغان).

2) خۇتبىنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "**رەسۇلۇللاھ ئۆرە تۇرغان ھالەتتە خۇتبە ئوقۇيتتى، ئاندىن ئولتۇراتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆرە تۇرغان ھالەتتە ئىككىنچى خۇتبىنى ئوقۇيتتى**" دېگەن (مۇسلىم توپلىغان).

3) تاھارەت بىلەن ئوقۇش. بۇنىڭ سۈننەت بولۇشىدىكى سەۋەب، خۇتبە نامازمۇ ئەمەس، نامازنىڭ بىر بۆلىكىمۇ ئەمەس، لېكىن ئۇ ساۋاب جەھەتتە نامازنىڭ بىر بۆلىكىگە ئوخشاش.

4) ئەۋرەتنى يېپىش.

5) خۇتبىنى مۇنبەر ئۈستىدە ئوقۇش. مۇنبەر مېھرابنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولۇش سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىمۇ شۇنداق قويۇلغان ئىدى. مۇنبەر بولماي قالسا ئېگىز ئورۇندا تۇرۇپ ئوقۇسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ شۇنداق قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرى ئولتۇرىدىغان بالدىقىدىن باشقا ئۈچ بالداقلىق ئىدى.

6) خاتىپ ئوڭ-سول تەرەپكە قارىماستىن، جامائەتكە يۈزلىنىپ ئالدىنى قىلىش.

بۇ ھەقتە ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "رەسۇلۇللاھ مۇنبەرگە چىقسا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتۇق" دېگەن (تىرمىزى توپلىغان).

7) مۇنبەرگە چىققاندا كىشىلەرگە سالام قىلىش. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقسا سالام قىلاتتى**" (بۇخارى توپلىغان).

8) ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانالارنى ئېيتىش، ئىككى شاھادەتنى ئوقۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت يوللاش، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش، قۇرئان كەرىمدىن بىر ئايەت بولسىمۇ ئوقۇش.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇمە خۇتبىسىدە مۇنداق دەيتتى: "ئىننەل ھەمدە لىللاھى، نەھمەدۇھۇ ۋە نەستەئىينۇھۇ، مەن يەھدىھىللاھۇ فەلا مۇزىللە لەھۇ، ۋەمەن يۇزلىل فەلاھادىيە لەھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللالھۇ ۋەھدەھۇ لا شەرىكە لەھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ ئەمما بەئدۇ:

يەنى: شۈبھىسىزكى، جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنى مەدھىيىلەيمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىمىز، ئاللاھ ھىدايەتكە باشلىغان كىشىنى ئازدۇرۇۋەتكۈچى يوق، ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى توغرا يولغا سالغۇچى يوق، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يەككە ـ يېگانە بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئۇنىڭ بەندىسىدۇر، بىزلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسىدۇر. مەقسەتكە كەلسەك..." (مۇسلىم توپلىغان).

9) ئىككى خۇتبە ئوقۇش، ئىككىنچى خۇتبە بىرىنچى خۇتبىدىن قىسقىراق بولۇش.

ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "شۈبھىسىزكى ، بىر كىشىنىڭ نامىزىنىڭ ئۇزۇن، خۇتبىسىنىڭ قىسقا بولۇشى ئۇنىڭ ئالىملىقىنىڭ بەلگىسى، شۇڭا نامازنى ئۇزۇن، خۇتبىنى قىسقىراق ئوقۇڭلار" (مۇسلىم توپلىغان).

10) ئىككى خۇتبە ئارىلىقىدا ئۈچ ئايەت مىقدارىدا ئولتۇرۇش.

جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقتە ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "رەسۇلۇللاھ ئىككى خۇتبە ئوقۇيتتى، ئىككى خۇتبە ئارىلىقىدا ئولتۇراتتى، خۇتبىسىدا قۇرئان ئوقۇيتتى ۋە كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى" (مۇسلىم توپلىغان).

11) ئىككىنچى خۇتبىنىڭ ئەۋۋىلىدە ھەمدۇ ـ سانالارنى قايتا ئوقۇش. تۆت خەلىپە ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەمزە، ئابباس (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) دىن ئىبارەت ئىككى تاغىسىنى تىلغا ئېلىش.

12) ئىككىنچى خۇتبىدە مۆمىن ئەر ۋە ئاياللارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىش، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش، ھەر تۈرلۈك كېسەللەردىن سالامەت بولۇش ھەققىدە دۇئا قىلىش.

13) خاتىپ خۇتبە ئوقۇش جەريانىدا ھاسا دېگەندەك نەرسىلەرگە تايىنىپ تۇرۇش.

بۇ ھەقتە ھەكەم ئىبنى ھەزنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەلچى بولۇپ بارغان ۋاقتىمدا جۇمە نامىزىنى بىللە ئوقۇغاندىم. رەسۇلۇللاھ قىلىچ ياكى ئوقيا ياكى ھاسىغا تايانغان ھالەتتە خۇتبە ئوقۇغاندى" (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

14) جامائەتكە خۇتبىنى ئاڭلىتىپ ئوقۇش.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇسا ئىككى كۆزى قىزىرىپ كېتەتتى، غەزەپلەنگەن ھالەتتە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئوقۇيتتى" (مۇسلىم توپلىغان).

15) خۇتبە ئارىلىقلىرىدا جامائەت شۈك ئولتۇرۇش.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "جۈمە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا يېنىڭدىكى كىشىگە 'شۈك تۇر' دېسەڭ بىھۇدە ئىش قىلغان بولىسەن" (مۇسلىم توپلىغان).

**14. خۇتبىدىكى مەكروھلار قايسىلار؟**

ج: 1) خۇتبىنى ئۇزۇن ئوقۇش. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنىدە ۋەز ـ نەسىھەتنى ئۇزۇن قىلمايتتى، سۆزىنى مەنىسى چوڭقۇر، قىسقا كەلىملەر بىلەنلا ئاخىرلاشتۇراتتى" (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

2) يۇقىرىدا بايان قىلىنغان 15 تۈرلۈك سۈننەتنىڭ بىرەرسىنى تەرك ئېتىش.

3) خاتىپ خۇتبىدىن بۇرۇن مېھرابتا ناماز ئوقۇش.

**15. خۇتبە ئاڭلىغۇچىلاردا مەكروھ سانىلىدىغان ئەمەللەر قايسىلار؟**

ج. 1) يېيىش ـ ئىچىش (بەزى ئۆلىمالارنىڭ

قارىشىدا بۇنداق قىلىش ھارام سانىلىدۇ).

2) ئۇششاق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش.

3) خۇتبە ئوقۇلۇۋاتقاندا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان كەلىمىلەر بىلەن بولسىمۇ سۆز قىلىش.

4) تەسبىھ ئېيتىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، دۇرۇت ئېيتىش.

**16. جۈمە نامىزىغا كەلگەن كىشى ئىمامنىڭ تەشەھھۇدتا ئولتۇرغان ياكى سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىۋاتقان ھالىتىگە ئۈلگۈرسە قانداق قىلىدۇ؟**

ج: بۇ خىل ئەھۋالدا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىۋېرىپ، ئۈلگۈرەلمىگىنىنى تولۇقلاپ ئوقۇيدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ’نامازغا تەكبىر ئېيتىلىپ قالسا، يۈگۈرمەي مېڭىپ كېلىڭلار، تەمكىنلىكنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۈلگۈرگىنىنى ئوقۇڭلار، ئۈلگۈرەلمىگىنىڭلارنى تولۇقلىۋېلىڭلار‘ “(بۇخارى توپلىغان).

**17. جۈمە كۈنىدە ۋاجىپ ھېسابلىنىدىغان ئىشلار قايسىلار؟**

ج: 1) جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تەمكىنلىك بىلەن مەسچىتكە مېڭىش. بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.**

— سۈرە «جۇمۇئە» (62 - سۈرە)، 9 - ئايەت

2) تۇنجى ئەزان ئېيتىلىشى بىلەنلا سودا - سېتىقنى تەرك ئېتىش، شۇنىڭدەك جۈمەگە بېرىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق پائالىيەتلەرنى تاشلاش.

3) ئىمام مۇنبەرگە چىققاندا ناماز ئوقۇشنى ۋە سۆزلەشنى تەرك ئېتىش، خۇتبىنى بېرىلىپ تىڭشاش. ئىمام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت يوللاشنى بۇيرۇسا، يەنى:

**ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر. ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر).**

— سۈرە «ئەھزاب» (33 - سۈرە)، 56 - ئايەت

دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلسا مەخپىي دۇرۇت يوللاش.

**18. جۈمە كۈنىدە سۈننەت ھېسابلىنىدىغان ئىشلار قايسىلار؟**

ج: غۇسلى قىلىش، مىسۋاك ۋە خۇشپۇراق بۇيۇملارنى ئىشلىتىش. بۇ ھەقتە سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ”**جۈمە كۈنىدە كىشى يۇيۇنۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە تازىلىنىپ، ئۆزىنى مايلاپ ياكى ئۆيىدىكى خۇشپۇراقتىن ئىستېمال قىلىپ، ئاندىن بېرىپ ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى قىستىماستىن، بەلگىلەنگەن نامازلارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئىمام خۇتبە ئوقۇغىچە جىم تۇرسا، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ جۈمە بىلەن ئىككىنچى جۈمە ئارىلىقىدىكى گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ**“ (بۇخارى توپلىغان).

مەيلى پەرز ناماز بولسۇن، نەپلە ناماز بولسۇن، ھەممىسىدە مىسۋاك ئىشلىتىش ئوخشاش زۆرۈر. جۈمە نامىزى ئۈچۈن تاشقى ئەزالارنى تازىلاش، خۇشپۇراق نەرسىلەرنى چېچىش تەلەپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، زىكرى مۇناجات ئېيتىدىغان ئەزا — ئېغىزنى تازىلاپ، ئېغىزنىڭ پەرىشتىلەرنى ۋە ئادەملەرنى سەسكەندۈرىدىغان بەتبۇيلۇقىنى كەتكۈزۈش تېخىمۇ زۆرۈر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**ئۈممىتىمگە ئېغىرچىلىق تۇغدۇرۇپ قويماي دېمىسەم، ئۇلارنى ھەر بىر نامازدا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇيتتۇم**“ (بۇخارى توپلىغان).

**19. جۈمە كۈنى مۇستەھەب بولىدىغان ئىشلار قايسىلار؟**

ج: 1) سەدىقە - ئېھسانىنى كۆپ قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت - سالامنى كۆپ يوللاش. ئەۋس ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**كۈنلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى جۈمە كۈنى بولۇپ، ئۇ كۈندە ئادەم**

ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان، شۇ كۈندە قەبزى روھ قىلىنغان، شۇ كۈنى قىيامەت بولىدۇ، شۇڭا بۇ كۈندە ماڭا دۇرۇت ـ سالامنى كۆپ يوللاڭلار، سىلەرنىڭ دۇرۇتىڭلار ماڭا يېتىپ تۇرىدۇ" (نەسەئى توپلىغان).

2) دۇئانى كۆپ قىلىش. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى ئۈستىدە توختىلىپ: "جۈمە كۈنىدە دۇئا ئىجابەت بولىدىغان بىر ۋاقىت بار. بىرەر مۇسۇلمان بەندە ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا شۇ ۋاقىتنى تېپىپ ئاللاھتىن بىرەر نەرسە تىلىسىلا، ئاللاھ ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بەرمەي قويمايدۇ" دېگەن ۋە قولى بىلەن ئۇ ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن (بۇخارى توپلىغان).

3) سۈرە «كەھف»نى قىرائەت قىلىش. بۇ ھەقتە ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى جۈمە كۈنىدە سۈرە «كەھف»نى تىلاۋەت قىلسا، ئىككى جۈمەنىڭ ئارىسىدىكى كۈنلىرى نۇرغا تولىدۇ" (بەيھەقى توپلىغان).

4) ئىرناق ئېلىش، بەدەندىكى مويلارنى تازىلاش، چاچ ـ ساقاللارنى ياسىتىش.

**20. جۈمە نامىزىنى ئوقۇش قائىدىسى قانداق؟**

ج: ئوقۇش قائىدىسى مۇنداق: جۈمەگە ئەزان چىققان ھامان كامىل تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكە بېرىپ، ئالدى بىلەن ئىككى رەكەت تەھىييەتۇل مەسجىد (تحية المسجد)، يەنى مەسچىت نامىزى ئوقۇيمىز. ئاندىن جۈمەنىڭ تۆت رەكەت سۈننىتىنى ئوقۇيمىز، ئىمام ئەمرى ـ مەرۇپ قىلىۋاتقان بولسا، پۈتۈن زېھنىمىزنى يىغىپ، بېرىلىپ ئاڭلايمىز، ئەگەر ئەمرى ـ مەرۇپ قىلىنمىسا ئاللاھنى زىكرى قىلىپ ئولتۇرىمىز. خاتىپ مۇنبەرگە چىققاندا، ئىككىنچى ئەزان ئوقۇلىدۇ، ئاندىن خاتىپ خۇتبىنى باشلايدۇ. خۇتبە ئوقۇۋېتىپ ئوتتۇرىدا بىر ئولتۇرۇپ، ئىككىنچى خۇتبىنى ئوقۇيدۇ. ئوقۇلۇۋاتقان خۇتبىنى دىققەت بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشىمىز كېرەك (خۇتبە ئوقۇغان خاتىپ ئىمكان قەدەر ئەرەبچە ئوقۇش بىلەن بىرگە ئۆز تىلىدا چۈشەندۈرۈپ بەرسە تېخىمۇ ئەۋزەل بولىدۇ). خۇتبە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تەكبىر ئوقۇلىدۇ، ئىمام جۈمەنىڭ ئىككى رەكەت پەرز نامىزىنى باشلايدۇ، جامائەت ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ. ئىككى رەكەت پەرز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تۆت رەكەت سۈننەت ئوقۇيمىز. مەزھەپ ۋە كۆزقاراش پەرقى تۈپەيلى، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا جۈمە نامىزىدىن كېيىن پېشىن نامىزى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

(ئاپتورلار: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى تالىپلىرى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

### تەراۋىھ نامىزى

"تەراۋىھ" سۆزى "ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرۇش ۋە دەم ئېلىش" دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بۇ نام بىلەن قىلىنىدىغان نامازنىڭ تۆت رەكىتىدە بىر دېمىنى ئېلىۋېلىش ئادەت بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەراۋىھ دېگەن نام بېرىلگەن. ھەدىس ۋە فىقھى كىتابلىرىدا بۇ ناماز "رامزان كېچىسى نامىزى" نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. تەراۋىھ نامىزى رامزان كېچىلىرىگە خاس بىر سۈننەت ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نامازنى ئوقۇغان مۆئمىنلەرنىڭ ئاللاھ رىزاسىغا ئېرىشىدىغانلىقى، گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە خۇشخەۋەر بېرىپ، ئۈممىتىگە بۇ نامازنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان.

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سۈننەت بولغان تەراۋىھ نامىزىنى ئىككى رەكەتتە بىر سالام بېرىپ، تۆت رەكەتتە بىر سالام بېرىپمۇ ئوقۇش مۇمكىن. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە بۇ ناماز مەسچىتتە جامائەت بىلەن بىللە يىگىرمە رەكەت قىلىپ ئوقۇلۇشقا باشلىغان، بۈگۈنگىچە ئىسلام دۇنياسىدا كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار بۇ نامازنى يىگىرمە رەكەت قىلىپ ئوقۇماقتا.

تەراۋىھ نامىزى ئىككى رەكەتتە بىر سالام بېرىپ ئوقۇلسا بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىدەك، تۆت رەكەتتە بىر سالام بېرىلىپ ئوقۇلسا پېشىن نامىزىنىڭ تۆت رەكەت سۈننىتىدەك ئوقۇلىدۇ. بىر ئايلىق تەراۋىھ نامىزىدا قۇرئاننى خەتمە قىلىش سۈننەتتۇر. تەراۋىھ نامىزىنى جامائەتنى زېرىكتۈرمەيدىغان يېنىك شەكىلدە ئوقۇش ياخشىدۇر.

(ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد تەييارلىغان)



# ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ئىسلام ئەخلاقى

ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

تەھرىر ئىلاۋىسى: ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردىكى ئىسلام ئەخلاقى ئۇيغۇر جامائىتىگە تېخىچە ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلمىگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تاللاپ ئەۋەتىشى بىلەن مىسىردىكى ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتى — ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا چوڭقۇر قاتلاملىق ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئەزھەرى تالىپ ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆزقاراشلىرىنى بىر قەدەر مۇپەسسەل بايان قىلغان سالماقلىق بىر نەچچە پارچە ماقالىسىنى بىزگە يوللىغانىدى. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش مەقسىتىدە ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن باشلاپ، ئاپتورنىڭ ماقالىلىرىنى ئۇلاپ بېرىمەكچىمىز.

ئىسلام دىنى يۈكسەك قىممەت ۋە ئالىيجاناب ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇكەممەل دىن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **"مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم"**( ئىمام مالىك توپلىغان) دېگەن مۇبارەك ھەدىسىدە ئۆز رىسالىتىنى گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇشقا يىغىنچاقلىغان.

ئىسلام ئەقىدىسى ئەخلاق بىلەن زىچ بىرىككەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىشەنچىسىز كىشىنىڭ، قوشنىسى ئاچ تۇرسا ئۆزى توق ھالدا خاتىرجەم ئۇخلىيالىغان كىشىنىڭ، زىناخورنىڭ، ئوغرىنىڭ كامىل مۆمىنلىكى ئىنكار قىلىنغان. ئۆزئارا مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش، قوشنا - قولۇملارنى ھۆرمەتلەپ، كىشىلەرگە سىلىق - سىپايە سۆزلەش ... قاتارلىقلار ئىماننىڭ مۇھىم ئىپادىلىرى ھېسابلانغان. ئىسلام پەيغەمبىرى، ئىنسان كامالىتىنىڭ يېتۈك نامايەندىسى ، بۈيۈك ئەخلاق ساھىبى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" **كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن ياكى شۈك تۇرسۇن. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، قوشنىسىنى ھۆرمەتلىسۇن. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن**" (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

ئەخلاق ئىسلامدىكى ئىبادەتلەر بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇ ئىبادەتلەرنىڭ مېۋىسى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمى ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ناماز، زاكات، روزا، ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەر ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي ھېكمەتلىرى بىلەن بىللە زىكرى قىلىنىدۇ.

ناماز ھەققىدە :

**نامازھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ.**

— سۈرە« ئەنكەبۇت »( 29 - سۈرە)، 45 - ئايەت

زاكات ھەققىدە:

**(ئى مۇھەممەد) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن.**

— سۈرە «تەۋبە»( 9 - سۈرە) 103 - ئايەت

روزا ھەققىدە:

**ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە(يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە)روزا پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ (رامزان روزىسى) پەرز قىلىندى .**

— سۈرە «بەقەرە»( 2 - سۈرە)، 183 - ئايەت

ھەج ھەققىدە :

**(كەبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان) تۆگىنى ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن (يەنى ھەجنىڭ ئەھكاملىرىدىن) قىلدۇق ... ئۇلار بوغۇزلىنىپ جېنى چىققاندا ئۇلارنى يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار ... ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر.**

— سۈرە «ھەج»( 22 - سۈرە) 36 - ، 37 - ئايەت

مەزكۇر ئىبادەتلەر ئىخلاستىن، ئەخلاقتىن ئايرىلسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "**بەزى كىشىلەر كېچىسى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىپ بىدار بولۇشتىن باشقىغا ئېرىشەلمەيدۇ. بەزى كىشىلەر پۈتۈن كۈن يېمەي - ئىچمەي روزا تۇتۇپ ، پۈتۈن كۈن ئاچ يۈرۈشتىن باشقىغا ئېرىشەلمەيدۇ**"( ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان)، " **كىمكى يالغان سۆز ۋە رىيا ئەمەلنى تەرك ئەتمەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ يېمەي - ئىچمەي تۇتقان روزىسىغا موھتاج ئەمەس**" (بۇخارى توپلىغان).

ئىسلام دىنى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە راستگۆيلۈك، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ئادىل بولۇش، خەير - ئېھسان قىلىش ۋە ئۆزئارا مېھرىبان بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى تۇرمۇشنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى ئەخلاق بىلەن يۇغۇرۇۋەتكەن بولۇپ، بۇ تەلىم - تەربىيە ئەخلاقى، سىياسەت ئەخلاقى، ئىقتىساد ئەخلاقى... قاتارلىق تارماقلارنى شەكىللەندۈرگەن. قىسقىسى، ئەخلاق مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىگىچە چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن.

ئەقىدىۋى ئەخلاق — ئاللاھقا، ساماۋى كىتابلارغا، ئاخىرەتتىكى مۇتلەق ئادىل رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىلاھىي سوتقا ئىمان ئېيتىش، شۇنداقلا

مۇشۇ ئىمانىڭ ھاسىلاتلىرى بولغان ئاللاھقا بېغىشلانغان ساداقەت، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇش، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ۋە ھەر بىر ئىبادىتىدە ئىخلاس قىلىش قاتارلىقلارنى كۆرسەتسە، كىشىلىك ئەخلاق — ھەققانىيەتنى ياقلاش، ئادەمگەرچىلىك، ئوتتۇرا يول تۇتۇش، باشقىلارنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىق پەزىلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلام ئىقتىسادى — ئىسلامنىڭ مۇسۇلمانلار ئەمەلىي تۇرمۇشىغا ئالاقىدار مۇھىم كاتېگورىيىلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتىدە، ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆزىنىڭ ھەر بىر ئىنچىكە ھالقىلىرىغا قەدەر تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن.

ئۇشبۇ يازمىمىزدا، ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ باشقا ئىقتىسادىي تۈزۈملەر بىلەن بولغان نېگىزلىك پەرقى، يەنى ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ بىر ئالىيجاناب ئەخلاق رامكىسى ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىدەك ماھىيەتنى چۆرىدىگەن ئاساستا، ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردىكى ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال قىلىش، ئوبوروت قىلىش ۋە تارقىتىش(تەڭشەش)تىن ئىبارەت تۈرلۈك ئىقتىسادىي ھالقىلاردىكى ئىجابىي تەسىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

ئىسلامدىكى ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي قائىدىلەرنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. رەببانىيلىق
2. پەزىلەتپەرۋەرلىك
3. ئىنسانپەرۋەرلىك
4. مۆتىدىللىك

بۇلار ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ نېگىزلىك خۇسۇسىيەتلىرى بولۇپ، ماھىيەتتە ئىسلامغا ئالاقىدار بارلىق تەركىبلەردىكى، جۈملىدىن ئىسلام شەرىئىتى، ئىسلام مەدەنىيىتى، قىسقىسى، ئىسلامنىڭ بارلىق تارماقلىرىغا ئورتاق بولغان ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلەردۇر.

مەزكۇر تۆت ئاساسىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئايرىم - ئايرىم تارماقلىرى بولغاندىن تاشقىرى، ئىسلامىي مۈلۈكچىلىك ۋە ئىسلامىي ئىقتىساد مېخانىزمىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىدە ئۆتەيدىغان مۇھىم رولى بار. دېمەك، مەيلى ئىشلەپچىقىرىش ياكى ئىستېمال قىلىش بولسۇن، ئالماشتۇرۇش ياكى تارقىتىش(تەڭشەش) بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مەزكۇر ئەخلاقىي قائىدىلەر چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنى ئىزچىل ئىپادىلەيدۇ ۋە تەكىتلەيدۇ؛ ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردىكى ئىسلامىي خاسلىقتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

بىز ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ھەققىدىكى تەپسىلاتقا كۆچۈشتىن ئاۋۋال، ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ مەزكۇر تۆت ئالاھىدىلىكى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

## 1. ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ رەببانىيلىق خۇسۇسىيىتى

ئىسلام ئىقتىسادى رەببانىي(ئىلاھىي كۆرسەتمىنى يېتەكچى قىلغان)ئىقتىسادتۇر. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ رىزاسىنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ بارلىق ۋاستىلىرى ئاللاھنىڭ شەرىئىتى يول قويغان دائىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال قىلىش، ئوبوروت قىلىش ۋە تارقىتىشتىن ئىبارەت بارلىق ئىقتىسادىي ھالقىلار ئىلاھىي كۆرسەتمىگە ئۇيغۇنلاشقان بولىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى. زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. ئاللاھنىڭ(بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.**

— سۈرە «مۈلۈك»(67 - سۈرە)، 15 - ئايەت

شۇ ۋەجىدىن ھەربىر مۇسۇلمان دېھقانچىلىق ياكى باغۋەنچىلىك قىلسۇن، ھۈنەر - سانائەت بىلەن شۇغۇللانسۇن ۋە ياكى تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولسۇن، ئۆزىنى ھەر ۋاقىت ئىبادەت ئۈستىدە دەپ ئويلايدۇ. قايسى ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ئىشىنى پۇختا، ياخشى قىلغانسېرى

ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىۋاتقاندەك، تەقۋادارلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. مۇسۇلمان كىشى ھاياتلىقتىكى نازۇ - نېمەتلەردىن ئوزۇقلانغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ:

**ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال - پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار ...**

— سۈرە «بەقەرە» (2 - سۈرە)، **168** - ئايەت

**ئى ئادەم باللىرى ! ھەر ناماز ۋاقتىدا (پاكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرىتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ. ئېيتقىنكى "ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟"**

— سۈرە «ئەئراف» (7 - سۈرە)، **31** - ، **32** - ئايەت

**قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن ( يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن.**

— سۈرە «ئىسرا» (17 - سۈرە)، **29** - ئايەت

دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار پەرمانلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ، نېمەتلەردىن لايىقىدا، مۆتىدىل رەۋىشتە بەھرىلىنىدۇ .

مۇسۇلمان كىشى دۇنيا نېمەتلىرىدىن بەھرىلىنىۋاتقاندا ، ئۇ نېمەتلەرنىڭ ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئاتا قىلغان رىزىق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا نېمەتنى ئاتا قىلغۇچى ئاللاھقا تەشەككۇر ئېيتىش كېرەكلىكىنى يادىدا تۇتىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ ئۇلارنى پاك - ھالال نەرسىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

**ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى - ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار.**

— سۈرە بەقەرە (2 - سۈرە)، **172** - ئايەت

**شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ... سىلەرگە ھالال نەرسىلەر (يەنى غەنىيمەتلەر )نى رىزىق قىلىپ بەردى .**

— سۈرە «ئەنفال» (8 - سۈرە)، **26** - ئايەت

**ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن.**

— سۈرە «ئىبراھىم» (14 - سۈرە)، **37** - ئايەت

مۇسۇلمان كىشى ئېلىم - سېتىمدا، باشقىلارنى ياللاپ ئىشلەتكەندە ياكى باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلىگەندە، باشقىلار بىلەن بولغان پۇل - مۇئامىلىلىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىگە قەتئىي بويسۇنىدۇ. ھارامدىن نەپ ئۈندۈرۈش، جازانە بىلەن شۇغۇللىنىش، يولسىز شەكىلدە بازارنى مونوپول قىلىۋېلىش، باشقىلارغا ناھەقتىن زۇلۇم سېلىش، ئالداش، قىمار ئويناش، ئوغرىلىق قىلىش، پارا ئېلىش، پارا بېرىش... تەك ئېغىر گۇناھى (ۋە جىنايى) قىلمىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىدۇ. شەرىئەتتە ئېنىق ھالال دەپ بېكىتىلگەن دائىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئېنىق ھارام ئىشلارغا يېقىن يولىمايدۇ. ئۆز دىنىنى، ئابرۇيىنى قوغداش يۈزىسىدىن ۋە ھارامغا پېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە شۈبھىلىك ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەيدۇ.

چۈنكى ئۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەقتىكى تۆۋەندىكىدەك پەرمانلىرىنى ۋە توسۇقلىرىنى ئېسىدە چىڭ تۇتىدۇ:

**ئاللاھ سودا - سېتىقنى ھالال قىلدى. جازانىنى (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى .**

— سۈرە «بەقەرە» (2 - سۈرە)، **175** - ئايەت

**ئى مۆمىنلەر ! بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا - سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا.**

— سۈرە «نىسا» (4 - سۈرە)، **29** - ئايەت

**ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان**

جازانىنى(يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ...

— سۈرە «بەقەرە» (2 - سۈرە) 178—179 - ئايەتلەر

بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار.

— سۈرە «بەقەرە»(2 - سۈرە)، 188 - ئايەت

ۋە يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتىكى تۆۋەندىكى مۇبارەك ھەدىسلىرىگە قەتئىي بويسۇنىدۇ:

"ئاللاھ جازانىنى يېگۈچىگە، يېگۈزگۈچىگە، يېزىپ خاتىرىلىگۈچىگە ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغۇچىلارغا لەنەت قىلسۇن" (مۇسلىم توپلىغان)؛" (دىندا) خاتالاشقان كىشىلا (بازارنى، مەھسۇلاتنى يالغۇز) مونوپول قىلىۋالىدۇ" (مۇسلىم توپلىغان)؛ "ئاللاھ بىر نەرسىنى هارام قىلسا، ئۇنىڭ پۇلىنىمۇ هارام قىلىدۇ"، "ئاللاھ هارام قىلغان نەرسىنىڭ پۇلىمۇ هارامدۇر" (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

مۇسۇلمان كىشى مال - مۈلۈككە ئىگە بولسا، ئۇنى ياشقىلاردىن قىزغىنىپ بېخىللىق قىلمايدۇ ياكى گۇناھلىق ئىشلارغا سەرپ قىلمايدۇ. بىھۇدە يوقىتىپ چاچمايدۇ. قىسقىسى، مال - مۈلۈكنى ھەق يولغا سەرپ قىلىشتىن قىسمايدۇ، ناھەق يولغا خەجلىمەيدۇ. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆز مال - مۈلۈكىگە بولغان ئىگىدارچىلىقى مۇتلەق(چەكلىمىسىز) ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭ مال - مۈلۈكنى ھاۋايى نەپسى خالىغان، كۆڭۈل خاھىشى ئارتقانلا ئىشلارغا كەلسە - كەلمەس سەرپ قىلىشى قەتئىي توغرا بولمايدۇ.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە :

ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە - پاسات تېرىماڭلار.

— سۈرە «ھۇد»(11 - سۈرە)، 85 - ئايەت

دېگەندە، ئۇلار :

ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ(يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى(يەنى بۇتلارنى) بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟

— سۈرە «ھۇد»(11 - سۈرە)، 87 - ئايەت

دەپ خاتالاشقانىدى.

ئەينى چاغدا قارۇن ئۆزىگە :

كۆرەڭلەپ كەتمە، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ. ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.

— سۈرە «قەسەس» (28 - سۈرە)، 76 -، 77 - ئايەت

دەپ نەسىھەت قىلغان قەۋمىگە :"مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن بۇ بايلىققا ئېرىشتىم" دەپ ھاكاۋۇرلارچە جاۋاب قايتۇرغانىدى. مانا بۇلار قۇرئان كەرىمدە زىكرى قىلىنغان تۈزكورلارنىڭ مىسالىدۇر.

ئىسلام ئىقتىسادى ئىسلام ئەقىدىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئىسلامدا ئىقتىسادنىڭ ئۆزىلا مەقسەت ئەمەس، بەلكى، ئۇ ئىنساننىڭ ھايات كەچۈرۈشى، بۈيۈك ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىدا بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر ۋاستىدىن ئىبارەت. ئىقتىساد ئىنسانلارغا قىممەت بېغىشلايدۇ ۋە ئۇ ئۆز ئەقىدىسىنى قوغداپ، بۇرچىنى ئادا قىلىشتا ياردەمچى بولىدۇ. ئىسلام ئىنسان ھاياتىنىڭ مۇكەممەل ئەندىزىسى بولالايدۇ. شەخسنىڭ، مىللەت - قەۋمنىڭ ھاياتىدىكى بارلىق ساھەلىرىدە، جۈملىدىن، پىكرىي، روھىي، ئەخلاقىي ياكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ساھەلىرىدە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە مۇكەممەل ئەندىزىدۇر. ئىقتىساد بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرلا ساھەدۇر. بىرلا تەرمېنۇر. ئەلۋەتتە ئىقتىساد تولىمۇ مۇھىم ساھە. بىراق ئۇ ئىسلامنىڭ ئاساسى ئەمەس، ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ نېگىزى ياكى ئىسلام رىسالىتىنىڭ مەقسىتى ئەمەس. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى ۋە ياكى

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ تۇپ ۋەزىپىسى ئېنىقكى ئەمەس.

ئىسلام ئەندىزىسىنىڭ ئاساسى —— ئەقىدىدىن ئىبارەت.

ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ ھاياتلىقتىكى يېتۈك ئەندىزىسى بولمىش ئىسلام —— كائىنات، ھاياتلىق، ئىنسانىيەت ۋە ئىنساننى خەلق ئېتىپ ئۇنىڭغا ھاياتلىق بېغىشلىغۇچى زات ھەققىدىكى مۇكەممەل بىر ئەقىدىدىن باشلىنىدۇ. ئۇشبۇ ئەقىدە مەۋجۇدىيەت مۇئەممالىرىغا (تېپىشماقلىرىغا) يېشىم بەرگەندە ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر تارىخى بىلەن تەڭ باشلانغان: قەيەردىن كەلدىم؟ قەيەرگە بارىمەن؟ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ پايانسىز كائىنات قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەن؟ ئۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، مۇنتىزىم ھالەتتە قارار ئالدۇرغان زات زادى كىم؟ ئىنساننىڭ، بارلىق مەۋجۇداتنى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى بۇ زات بىلەن بولغان ئالاقىسى نېمە؟ ھاياتلىق سەپىرىدىن كېيىنكى مەنزىل قايان بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ياشايمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئۆلىمىز؟ ... دېگەندەك تەگسىز سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندە، ئەقىلگە خىتاب قىلىدۇ ۋە فىترەتكە (يارىتىلىش خۇسۇسىيىتىگە) ئۇيغۇنلىشىدۇ.

مەزكۇر ئەقىدە تۆۋەندىكى مۇھىم پرىنسىپلارنى ئاساس قىلغان:

1. پۈتۈن مەخلۇقاتنى ياراتقان، ئۇلارنى بېجىرىم قىلغان، مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى تەقدىر قىلغان ۋە ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى كۆرسەتكەن، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى بۈيۈك ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش، پۈتكۈل مەخلۇقات ۋە بارلىق ئىشلاردىكى كېسىم يالغۇز ئاللاھقا خاستۇر، جىمى ھەمدۇ - سانا باشتىن - ئاخىر ئاللاھقا خاس، بارلىق دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىشلاردا ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە مۇراجىئەت قىلىش كېرەك، پەقەت ئاللاھلا ئىبادەتكە لايىق زاتتۇر، پەقەت ئاللاھلا ياردەم تىلىشىمىزگە لايىقتۇر، ھىدايەتنى پەقەت ئاللاھتىنلا تىلەش كېرەك دەپ ئېتىقاد قىلىش.

2. ئىنسان —— ئۇنىڭ ماددىي مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەپ تۇرغان ئۇنىڭغا تەئەللۇق جىسمانىيەت ياكى سۆڭەك، گۆش، نېرۋىلاردىن پۈتكەن ماددىي قامەتلا ئەمەس، بەلكى ئۇ يەنە مەزكۇر ئىسكىلىتتا قارار ئالغان بۈيۈك روھ، زېمىن تۇپرىقىدىن بىنا بولغان قامەت ئىچىدىكى ساما نۇر چەشمىلىرىدىن بىر چەشمە نۇردۇر. ئىنسان ئۆز ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان مانا مۇشۇ خاسىيەت شاراپىتىدىلا، ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ئورۇنباسارلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ئىززەتلىشىگە، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ زېمىننى ھەق - ئادالەت بىلەن گۈللەندۈرۈش شەرىپىگە نائىل بولالىغان.

3. بارلىق ئىنسانلار يېگانە ئاللاھنىڭ ئوخشاش بەندىلىرىدۇر. ئۇلار ھۆر - ئازاد بولۇپ، ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشىگە مەنسۇپ ئەمەستۇر، باشتىن - ئاخىر ئۆزئارا باراۋەردۇر، ئىنسانىيلىقتا قېرىنداشتۇر. ئۇلارنىڭ نەسەبى بىر ئاتىغا —— ئادەم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. ئىنسانلار —— ئۇلارنى ئەر - ئايال قىلىپ ياراتقان، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇشى ئۈچۈن تۈرلۈك مىللەت - قەۋملەردىن قىلغان بىر ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدۇر. بىر جىنسنىڭ يەنە بىر جىنسقا، بىر ئىرقنىڭ يەنە بىر ئىرققا، بىر شەخسنىڭ يەنە بىر شەخسكە نىسبەتەن تەقۋادارلىقتىن ئۆزگە ئارتۇقچىلىقى بولمايدۇ.

4. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ياراتقاندىن كېيىن ئۇلارنى تەرك ئېتىۋەتمىدى. ئۇلارغا مەنزىلنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان پەيغەمبەرلەرنى ھىدايەت ۋە مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتى.

**ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم، دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق.**

—— سۈرە «نىسا» (4 - سۈرە)، 165 - ئايەت

5. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى ۋەھيى بىلەن يېتەكلىشى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان مەڭگۈلۈك ۋە ئىنسانىيەتكە ئومۇم بولغان ئىسلام شەرىئىتى بىلەن تاماملانغان. ئاللاھ تائالا ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان بارلىق شەرىئەتلەرنى پۈتۈنلىگەن. گۈزەل ئەخلاقلارنى كامالىتىگە يەتكۈزگەن.

ھەقىقەت ئامىللىرىنى، ئادالەت پرىنسىپلىرىنى، ياخشىلىق مەنىلىرىنى، ھىدايەت كۆرسەتمىلىرىنى، ھاياتلىق ئۇنىڭسىز ئىسلاھ بولمايدىغان، ئىنسانىيەت ئۇنىڭسىز قىيامەتكىچە ئۆز سائادىتىگە يېتەلمەيدىغان تەركىبلەرنى ئىسلام شەرىئىتىدە مۇجەسسەم قىلغان.

6. ئىنساننىڭ ھاياتلىقتىكى ۋەزىپىسى چاھارپايلاردەك يەپ - ئىچىپلا ئۆتۈش ئەمەس، بەلكى، يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھنىڭ رىزاسىنى ئىزدەپ ياخشىلىق قىلىش، ناشايان قىلمىشلارغا، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ھەقىقەت ئەڭگۈشتىرىگە چىڭ ئېسىلىش، ھەق يولدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە چىرايلىقچە سەۋر قىلىش ... تەك ئىنسانىي كامىللىق ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلىپ ياشاشتىن ئىبارەت.

7. ئۆلۈم — يوقىلىشتىن، ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ تۈگەللىنىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى ئۇ، ھەر بىر جان ئىگىسى قىلغانلىرىغا يارىشا جازا ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغان، ئەمەللەر ئۆز ئىگىلىرىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان يەنە بىر ھاياتلىققا، يېڭى بىر باسقۇچقا كۆچۈش دېمەكتۇر.

**كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.**

— سۈرە «زەلزەلە» (99 - سۈرە)، 7 - ، 8 - ئايەت

يۇقىرىدا بايان قىلغان پرىنسىپلارنى نېگىز قىلغان ئۇشبۇ مۇكەممەل ئەقىدە، ئىقتىسادىي سىستېمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ئىسلامدىكى بارلىق تەرتىپ - تۈزۈملەرنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلامدىكى ھەرقايسى تەرتىپ - تۈزۈملەرنىڭ ۋەزىپىسى مەزكۇر ئەقىدىنى قوغداش، ئاساسىنى پۇختىلاش، نۇرىنى تارىتىش، ئۇشبۇ ئەقىدىگە ئۇيغۇن رېئال شەكىللەرنى روياپقا چىقىرىش، شۇنداقلا مەزكۇر ئەقىدىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى نىشانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئىسلامنىڭ ھاياتلىق ئەندىزىسى ئالاھىدە، يېتۈك ئەندىزە بولالىغان.

ئىسلامنىڭ ھاياتلىق ئەندىزىسى — روھنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئىنساننى ئاللاھ بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرىدىغان ئىبادەتنى، ئىنسان تەبىئىتىنى تىزگىنلەپ، قەلبنى پاكلايدىغان ئەخلاقنى، ئىنساننىڭ يۈرۈش - تۇرۇش، ئادەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھاياتىنى تېخىمۇ گۈزەل مەقامغا ئېرىشتۈرىدىغان پەزىلەتنى، ھالال - ھارامنى بايان قىلىدىغان، ئادالەت تۇرغۇزۇپ، زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىكنى چەكلەيدىغان، شەخس بىلەن شەخسنىڭ، شەخس بىلەن ئائىلىنىڭ، شەخس بىلەن قەۋمنىڭ، بىر قەۋم بىلەن باشقا قەۋملەرنىڭ مۇناسىۋەت - ئالاقىلىرىنى قېرىنداشلىق، باراۋەرلىك، ھەققانىيەت ۋە ئۆزئارا ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلەرنى تەڭ ئادا قىلىش ئاساسىدا بېكىتكەن، شۇنداقلا توغرا، ھەق يولدىن چەتنىگەنلەرنى ئەدەپلەش ، ئۆز مەجبۇرىيىتىگە ، باشقىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە سەل قارىغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق، ئاللاھ بەلگىلىگەن شەرئىي چەكلىمىلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتلىرى قوغدىلىدىغان مۇكەممەل قانۇن - تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۈگۈنكى دۇنيادىكى بىر قىسىم نەزىرىيىلەر نانىي مەقسەت، قورساقنى نېگىز قىلغان، ئىقتىسادنى بىردىنبىر مۇئەممما بىلگەن، دۇنيانى ئەڭ چوڭ غەم، ئىلمىنىڭ چېكى قىلىۋالغان، ماددىيەتنى تۇرمۇشنىڭ بەلكى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى، پەلسەپىسىنىڭ ۋە تەپەككۇرىنىڭ باش تېمىسى قىلىۋالغان بولسا، ئىسلام ئەندىزىسى ۋە قانۇن - نىزاملىرى يۇقىرىقى ئىشلارغا، ئۇلارنى غايە ئەمەس ۋاستە، ئەسلىيە ئەمەس تارماق دەپ قارىغان ئاساستا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئىنساننى ماددىيەتنىڭ پاتقىقىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، ساماۋى يۈكسەكلىككە ئۆرلىتىدۇ، تۇنجى ئىنساننىڭ يارىتىلىش ماددىسى بولغان تۇپراقنىڭ تارتىش كۈچىدىن قۇتقۇزۇپ، روھىيەتنىڭ پارلىشىغا ئېرىشتۈرىدۇ. كىشىنى ھەر جايغا باشلايدىغان كۆڭۈل ۋەسۋەسىسىدىن خالاس قىلىپ، ساماۋى ھىدايەتكە، پەرىشتىلەردەك پاكلىققا يېتەكلەيدۇ.

ئىسلام ئىقتىسادى رەببانىي ئىقتىسادتۇر. چۈنكى ئۇ رەببانىي ئەقىدىدىن، ئاللاھ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلىرىنى ئەۋەتكەن، ئۇلارغا كىتابلىرىنى نازىل قىلغان تەۋھىد ئەقىدىسىدىن باشلانغاندۇر. ئىسلام ئىقتىسادى ئۆز پائالىيەت دائىرىسىدە مەزكۇر ئەقىدىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە مەزكۇر ئەقىدە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىسلام ئىقتىسادى ئۆزىدىكى بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرگە تۇرمۇشنىڭ بارلىق يوللۇق

تەلەپ-ئېھتىياجلىرى تەل بولغان پاراۋان ھاياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. بىراق ئىسلام ئىقتىسادى پاراۋان تۇرمۇشنىڭ ئەڭ چوڭ غايە، بىردىنبىر مەقسەت بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ، بەلكى، پاراۋان تۇرمۇشنىڭ تېخىمۇ يۇكسەك، تېخىمۇ پاك ۋە مەڭگۈلۈك بولغان، ئاللاھ تائالا مۆمىن-مۆمىنە بەندىلىرىگە ۋەدە قىلغان ئاخىرەتتىكى ئەبەدىي ھاياتلىقتا شوتا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ بارلىق ئامىللىرى، غايىسى ۋە نۇقتىئىنەزىرى رەببانىيدۇر. ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ ۋەزىپىسى — مۇكەللەپلەرنىڭ (شەرىئەت بۇرچىنى ئورۇنداشقا تەكلىپ قىلىنغۇچىلارنىڭ) ئۆز پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشىغا قۇلايلىق يارىتىش ۋە ياردەم بېرىشتۇر. شۇنداقلا نامراتلىقنىڭ ئۇلارنى كۇفرىغا ئاپارماسلىقى، ئاچارچىلىقنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتكە سەۋەب بولماسلىقى، قورساقنىڭ ئۆتكۈنچى ئېھتىياج ئۈچۈن كولدۇرلىشى ئىماننىڭ مەڭگۈلۈك چاقىرىقىنى بېسىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر.

**بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ)نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى.**

— سۈرە «قۇرەيش» (106-سۈرە)، 3-، 4-ئايەت

ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ رەببانىيلىقى گەۋدىلىنىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبىدىكى ئىماندىن بالقىغان ۋىجداندىن ئىبارەت قەلب قانۇنىدۇر. بۇ خىل ئىچكى قانۇن تۇرتكىسىدە ھەر بىر شەخس ئۆز-ئۆزىگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى ناھەق ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش، كىشىنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، ئاجىز-زەئىپ كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىقىدىن، بىپەرۋا كىشىلەرنىڭ غەپلىتىدىن، ھاجەتمەنلەرنىڭ چارىسىزلىقىدىن، جەمئىيەتتىكى ئاشلىق، دورا ياكى كىيىم-كېچەككە بولغان تەخىرسىز ئېھتىياجدىن يولسىز نەپ ئۈندۈرۈشتىن، ئاچارچىلىق ياكى كېسەللىك ئازابىدىكى بىچارىلەرنىڭ بىقۇۋۋۇللۇقىنى پۇرسەت بىلىپ، مىليونېرلىقنى چۈشەيدىغان نائىنساپلىقلاردىن تەبئىي ھالدا چەكلىنىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى دۇنيادا بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولىدىغانلىقىغا ۋە نام-ئەمەللەر يېزىلىدىغان ئاخىرەت كۈنىدە ھەر بىر قىلمىشىدىن ئىنچىكە ھېساب بېرىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرىقىلارنى چىن ۋىجدانى بىلەن ئېسىدە تۇتۇشىنىڭ ئۆزىلا ھەرقانداق نازارەتچىنى بېسىپ چۈشىدىغان، باشقا ھېچقانداق تەپتىش ئورگانلىرى ئورنىنى باسالمايدىغان دەرىجىدىكى تەڭداشسىز چەكلەش قۇدرىتىگە ئىگە ماھىيەتلىك نازارەتچى بولالايدۇ. مۇسۇلمان كىشىدىكى ھەقىقىي ئىمان ئۇنىڭ ھالال ھۈنەر-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھارام ئىشلاردىن نېرى بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ھارامدىن كەلگەن بىر لوقما تائامنىڭ گېلىدىن ئۆتۈشىگە يول قويمايدۇ. چۈنكى ھارامدىن ئايىنغان تەن دوزاخقىلا لايىقتۇر. ھارامدىن كەلگەن بىر تەڭگىنىڭمۇ ھەمىيېنىغا، بىخەتەر ئىشكاپىغا كىرىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. ھارامدىن كەلگەن مال-مۈلۈكىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئالىي سوتتىن (ياكى مەھكىمە شەرئىيدىن) تۈمەن قېتىم بۇيرۇپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇ كىشىگە ھالال بولمايدۇ. چۈنكى سوت مەھكىمىسى قولغا چۈشۈرگەن پاكىتقا ۋە قانۇنغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى مۇناپىقلىق، پاسىقلىق، قارا كۆڭۈللۈك ... يېگانە ئاللاھتىن باشقىغا تىلسىمدۇر. شۇڭا، مۆمىن كىشىنىڭ ئىمانىنى مەنبە قىلغان ۋىجدانى ئەڭ ئىشەنچلىك سودىيەدۇر (مۇپتىدۇر). ئاللاھتىن قورقىدىغان تەقۋادار مۇسۇلمان ھۈنەر-كەسپلەر ئىچىدە شۈبھىلىك بولغانلىرىدىن قەتئىي ساقلىنىپ، كۆڭلى ئەمىن تاپقان ھالال كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ھارامغا ئارىلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن شۈبھىلىك ئىشلارغا يېقىن يولىمايدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **"كىمكى شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلانسا دىنىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلاپ قالىدۇ. كىمكى شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلانمىسا خۇددى چارىگاھ ئەتراپىدا پادا باققان پادىچىنىڭ پادىلىرى چارىگاھتىن ئوتلاپ قېلىش ئېھتىمالى بولغاندەك، ھارام ئىشلاردىنمۇ ساقلىنالمايدۇ"** (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

پەرۋەردىگارىدىن تەپتارتىدىغان مۇسۇلمان كىشى هارام ياكى شۈبهىلىك ئىشلارغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق ئېھتىماللىقتىن يىراق بولۇپ، ھالال نەرسىلەر ئارقىلىق ھارام قىلمىشلاردىن بىھاجەت بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "بەندە گۇناھلىق ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن، شۈبهىلىك ئىشلارنى تەرك ئەتمىگىچە، مۇتتەقىلەرنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ" (تىرمىزى توپلىغان).

ھالال ـ ھارام ئۇقۇمى مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەقلى ۋە ۋىجدانىغا ھۆكۈمراندۇر. شۇڭا ئۇ، مال ـ مۈلۈكنى قايسى يول ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەنلىكى ۋە نېمىگە سەرپ قىلغانلىقى ھەققىدە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا سوئال ـ سوراققا تارتىلىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب تەييارلىشى كېرەكلىكىگە ئىشىنىدۇ.

ئىسلام دىنى مەقسەت ھەرقانچە ئۇلۇغۋار بولۇشىدىن، ھەتتا ئىسلام شەرىئىتىدە ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنىدىغان خەيرلىك ئىش مەقسەت قىلىنغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھارام يول ئارقىلىق پۇل ـ مالغا ئېرىشىشكە قەتئىي يول قويمايدۇ. مەسىلەن، خەيرى ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرىغا ئىئانە قىلىش مەقسىتىدە، ئومۇمەن ئىسلام ئەقىدىسىگە، ئەخلاقىغا زىت نومۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (شەھۋانى تۇستىكى) سەنئەت كېچىلىكلىرىنى ئۆتكۈزۈش، مەسچىت ـ مەدرىس، دارىلئېتام (يېتىملار مەكتىپى، يېتىملارنى ھەقسىز بېقىش ۋە تەربىيىلەش ئورنى) ياكى نامرات كىشىلەر ئۈچۈن ھەقسىز ياكى تۆۋەن ھەق بىلەن داۋالايدىغان شىپاخانا قۇرۇش مەقسىتىدە جازانە يېيىش ... دېگەندەك.

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: "ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاك (نەرسىلەر) نىلا قوبۇل قىلىدۇ" (مۇسلىم توپلىغان). ئىسلام 'غايە ۋاسىتىنى ئاقلايدۇ' (يەنى غايە ـ مەقسىتىڭ ئورۇنلۇق بولسا، ھەرقانداق ۋاستە ئىشلەتسەڭ يوللۇق) دېگەننى نېگىز قىلغان ماكياۋېللىزىمنى قوللىمايدۇ. بەلكى، مەقسەتنىڭ ئۇلۇغۋار بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغاندەك، مەقسەتكە يېتىشتە قوللانغان ۋاستىنىڭمۇ پاك ۋە ھەق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

## ئىقتىساد باشقۇرۇشتا ئىمانىي تەربىيىنىڭ ئەھمىيىتى

ئىقتىسادنى ئىسلامىي ئەندىزە ئاساسىدا باشقۇرۇپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ تەقەززاسى بويىچە تەسەررۇپ قىلىشتا، ئىمانىي تەربىيىنىڭ ئەھمىيىتى تولىمۇ مۇھىمدۇر.

خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى، مىراسخورلۇق ھوقۇقى ۋە دېموكراتىك مۇھىتتىكى ئەركىن ئىقتىسادىي رىقابەتتە گەۋدىلىنىدىغان شەخس مەسئۇلىيەتچىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سان ـ سۈپەتتە ئارتىشى ۋە ئاز مەبلەغ سېلىپ سەرخىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەڭ يېڭى ۋە قۇلاي ۋاستىلىرىنى يارىتىشتا پەۋقۇلئاددە تۈرتكىلىك رولىنىڭ بارلىقى بۇ ساھەدىكى كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ ئورتاق قارىشى بولۇپ قالدى.

بىراق كىشىنى ئەنسىرىتىدىغىنى، ھەر بىر شەخس تەبىئىتىدىكى بۇ خىل رىقابەت خاھىشىنىڭ، مال ـ دۇنياغا تويمايدىغان قەبىھ خاراكتېردىكى ئۆتكۈر شەخسىيەتچىلىككە ئايلىنىپ كېتىشى ۋە ئەركىن ئىقتىسادى رىقابەتنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى يولسىز تالىشىشلارغا ياكى كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى يۇتۇۋېلىشىدىكى تەشكىللىك ھالدا قاقتى ـ سوقتى قىلىشتەك جىنايى شەكىلگە كىرىپ قېلىشىدۇر.

ئۇنداقتا، شەخستىكى تەبىئىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ۋە ئىقتىسادتىكى ئەركىن رىقابەتنى، ئۇلارنىڭ سەلبىي تەسىرىدىن ساقلانغان ئاساستا، پۈتۈنلەي ئىجابىي تۈستە خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ بىخەتەر يولى بارمۇ؟

ئەلۋەتتە بار. شەخستىكى خۇسۇسىي ئامىللار بىلەن ئاممىۋى مەنپەئەت ئوتتۇرىسىنى ماسلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ مۇناسىپ ئۇسۇل، باشقا ھەرقانداق قانۇن ـ تۈزۈملەردىن ئىلگىرى ئىماندىن ئىبارەتتۇر.

پەقەت ئىمانلا، كىشىنى ئۆزىگە، دۇنياغا، مال ـ مۈلۈك ۋە ھاياتلىققا، تۈرلۈك شەيئىلەر ۋە قىممەتلەرگە ماددىيەت ۋە مەنىشەتتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، كۆپىرەك پۇل ـ مالنى قولغا كەلتۈرۈشنىلا نىشان

قىلىدىغان كاپىتالىستىك كۆزدە قارىمايدىغان ساغلام ئەقىل ئاتا قىلىدۇ. ئىمان كىشىگە، ياراتقۇچى زات بىلەن، تەبىئەت، تۇرمۇش ۋە ئىنسانلار بىلەن ئاقىلانە مۇئامىلىدە بولىدىغان تىرىك، ھەقىقىي قەلب ئاتا قىلىدۇ. ئىمان ھەقىقەتنى سۆيۈشكە، سەپسەتىنى سۆكۈشكە، رەزىللىكتىن يىرگىنىپ، ئىزگۈلۈكتىن سۆيۈنۈشكە يېتەكلەيدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق ھاياتلىقنى ھەر دائىم ئەسلىتىدۇ.

مۆمىن كىشىنىڭ ئەقلى ۋە قەلبى خۇداسىزنىڭ ياكى ئەقىدىۋى مەۋقەدە ئارىسالدى كىشىلەرنىڭ ئەقلى ۋە قەلبىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئايرىم - ئايرىم مەنىۋى دۇنياسى بار. خۇداسىزنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ دۇنياسى ۋە دۇنيادىن ئېرىشەلەيدىغان ماددىي، ھېسسىي ئۆتكۈنچى مەنپەئەتلىرى بار. مۆمىن كىشىنىڭ دۇنياسى تولىمۇ كەڭ، پايانسىز بولۇپ، ئۇ ئەزەلدىن ئەبەدكە تۇتاشقان بولىدۇ. ئۇ ماددىيەت ۋە مەنىۋىيەتنى، غەيب ۋە نەقنى، پانىي ۋە باقىينى، ھەممىنى ئۆزىگە سىغدۇرغاندۇر.

ئىماننى مەنبە قىلغان ئەقىل تەمەخورلۇقتىن، رىقابەتتە كۆرەلمەسلىكتىن، ماددىيەتكە قارىغۇلارچە بېرىلىشتىن مۇداپىئە قىلىپ، بۈيۈك، ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە، كىشىگە مەنزىلنى يورۇتۇپ، نىشاننى توغرىلاپ بېرىدۇ. ئىنساننى ھايۋانىي قاتلامدىن ئىنسانىي مەرتىۋىگە يۈكسەلدۈرىدۇ. نەتىجىدە، مۆمىن كىشى ھارامنى، باشقا چەكلەنگەن نەرسىلەرنى قەتئىي رەت قىلالايدىغان، ھالاللىققا — ئاز بولسىمۇ قانائەت قىلالايدىغان مەنىۋى مەتانەتكە ئېرىشىدۇ.

قول ئىلكىدىكى مال - مۈلۈكى ھەققىدە، بۇ مال - مۈلۈكلەرگە ئۆز كۈچۈم بىلەن ئېرىشتىم، بۇنىڭدىن بەھرىلىنىشكە مەنلا ئەڭ لايىق، دەپ ئۆز شەخسىيىتى نۇقتىسىدىنلا نەزەر تاشلايدىغان كىشى بىلەن، ئۆزىنى قول ئىلكىدىكى مال - مۈلۈككە نىسبەتەن ئاللاھنىڭ ئىزباسارى دەپ قارايدىغان ۋە "مال - دۇنيا ماھىيەتتە ئاللاھقا مەنسۇپ، چۈنكى ئۇنى ئاللاھ ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئىنساننىڭ مەنپەئەتلىرىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، ئىنسانغا تىرىكچىلىك قىلىش ئىقتىدارى ئاتا قىلغان ۋە ئۇنى مال - مۈلۈكتىن بەھرىلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلغان، شۇڭا ئىنسان مال - دۇنياغا نىسبەتەن قاراۋۇلنىڭ ئىمسالىدۇر ياكى قۇرئان كەرىمدە زىكرى قىلىنغىنىدەك ئىزباساردۇر" دېيەلەيدىغان كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالەمچە پەرق بار.

قول ئىلكىدىكى مال - مۈلۈكنى مەغرۇرلۇق ۋە بېپەرۋالىق بىلەن: "بۇلار ماڭىلا مەنسۇپ" دېگەن كىشى بىلەن كەمتەر ۋە تەمكىن ھالدا :" بۇلار ئاللاھنىڭ مەندىكى مال - مۈلۈكى " دېيەلىگەن كىشىنىڭ پەرقى ھەقىقەتەن چوڭ.



**مىنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن، بۇ بايلىققا ئېرىشتىم.**

— سۈرە«قەسەس»(28 - سۈرە)، 78 - ئايەت

دەپ مەغرۇرلانغان قارۇن بىلەن،

**بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ (ماڭا قىلغان) ئېھسانىدۇر، ئۇ شۈكۈر قىلامدىم يا تۇزكورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن،**

**(بىلىش كېرەككى) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن بىھاجەتتۇر)، (ئاللاھنىڭ) كەرىمى كەڭدۇر.**

—— سۈرە «نەمل» (27 - سۈرە)، 40 - ئايەت

دېگەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نەقەدەر چوڭ - ھە؟!

ئىش - ئەمەللىرىدە ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئىزلىمەيدىغان، ئاخىرەتنى ئەسلىمەيدىغان، ئۆزىنى كۆز ئالدىدىكى پانىي دۇنيادىن كېيىنكى ھاياتلىق بىلەن ئالاقىسىز ھېسابلايدىغان، خۇددى قۇرئان كەرىمدە قەيت قىلىنغان ئىككى باغنىڭ ساھىبىغا ئوخشاش:

**مەن سەندىن باي، ئادەملىرىم(يەنى خىزمەتچىلىرىم، باللىرىم، ياردەمچىلىرىم) سېنىڭكىدىن كۆپ ... بۇ باغ مەڭگۈ يوقالمايدۇ دەپ ئويلايمەن، شۇنىڭدەك قىيامەت بولمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ(يەنى قىيامەت بولغاندىمۇ) ئەلۋەتتە بۇ باغدىن ياخشىراق جاينى تاپىمەن.**

—— سۈرە «كەھف (18 - سۈرە)، 34 —— 36 - ئايەتلەر

دەپ كۆرەڭلىگەن دىنسىز كىشى بىلەن، ھايات ئۈپۈقى كېڭەيگەن، قەلبىگە دۇنيا - ئاخىرەتنى سىغدۇرغان، دىل پايانىدىن ياراتقۇچى ۋە يارالغۇچىغا ئورۇن بەرگەن، خۇددى پىرئەۋن خانىدانىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ئۆز قەۋمىگە :

**ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن. ئى قەۋمىم، بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت(ۋاقىتلىق) پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، ئاخىرەت ھەقىقەتەن (مەڭگۈلۈك) قارارگاھتۇر. كىمكى(بۇ دۇنيادا) بىرەر يامانلىقنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا(ئاخىرەتتە) شۇنىڭغا لايىق جازا بېرىلىدۇ. مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، كىمكى ئۆزى مۆئمىن تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ. جەننەتتە ئۇلارغا ھېسابسىز رىزىق بېرىلىدۇ.**

——سۈرە «غافىر»(40 - سۈرە)، 38——40 - ئايەتلەر

دېگەن مۆمىن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئادىمىيلىك مۇساپىسىنىڭ چەكسىزلىكىگە قىل سىغمايدۇ.

مۆمىن كىشى مال - مۈلۈكىنى باشقۇرىدۇكى، مال - مۈلۈك مۆمىن كىشىنى باشقۇرالمايدۇ. مۆمىن كىشى مال - دۇنياغا ئىگە بولىدۇكى، مال - دۇنيا مۆمىن كىشىگە ئىگە بولالمايدۇ. مۆمىن كىشى مال - دۇنيانى يۈرىكىدە ئەمەس، قولىدا تۇتىدۇ. مال - دۇنيا مۆمىن كىشىنىڭ نەزىرىدە غايە - مەقسەت ئەمەس، ۋاسىتىدىنلا ئىبارەتتۇر. مۆمىنىنىڭ غايىسى ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىش، ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن سەئىي ئىجتىھات قىلىشتۇر. مەزكۇر ئىبادەت (بەندىچىلىك) ۋە سەئىي ئىجتىھات (كۈرەش) مۆمىن كىشىنى ھەر جەھەتتىن تاۋلاپ، ئەبەدىي ھاياتلىق ئۈچۈن مۇناسىپ لاياقەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. مال - دۇنيا ۋە باشقا پاك - ھالال نەرسىلەر مۆمىن كىشىنىڭ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشىدىكى ياردەمچىسى ۋە مەقسىتىگە يېتىشتىكى قورالىدۇر. چىن ئىمان مۆمىن كىشىنى ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىگە ھەققانىي نازارەتچى ۋە ھەر ۋاقىت ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرغۇچى قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، پۇل - مالنى خالىغانلا بىر يول ئارقىلىق تېپىشنى، خالىغانلا بىر يول ئارقىلىق ئاۋۇتۇشنى، خالىغانلا بىر يول ئارقىلىق تەسەررۇپ قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆز شەرىئىتىدە بېكىتكەن ۋە يول قويغان دائىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ئىنچىل تىرىشىدۇ.

## "مال - مۈلۈك ئاللاھقا مەنسۇپ" مەپكۇرىسى

ئىسلام ئىقتىسادىدا ھالقىلىق ئورۇن تۇتىدىغان قىممەتلەرنىڭ بىرى ئىنسان ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان بارچە مال - مۈلۈك ماھىيەتتە ئاللاھقا مەنسۇپ بولۇپ، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئىنسان بولسا ئاللاھنىڭ مال - مۈلۈكىنى ۋاكالىتەن تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر، دېگەندىن ئىبارەت. مانا بۇ مەزمۇندا ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ رەببانىي ئالاھىدىلىكى نامايان بولىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ سانسىز مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىكى بىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئاللاھنىڭ زېمىنىدا، ئاللاھ ئاتا قىلغان ئىقتىدار بىلەن، ئاللاھ نېمەت قىلىپ بەرگەن ۋاسىتىلەرگە تايىنىپ، ئاللاھ بېكىتكەن قانۇنىيەتلەر مۇھىتىدا پائالىيەت ئېلىپ

بارىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، ئۇ تاپقان مال ـ دۇنيا ئاللاھنىڭ مال ـ مۈلۈكى ۋە يارالمىسىدۇر. ئىنسان پەقەت ئاللاھنىڭ مال ـ مۈلۈكىدە ئورۇنباسار تەسەررۇپ قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭغا كۆز ـ قۇلاق بولغۇچىدىنلا ئىبارەت.

تۆۋەندە بىز "مال ـ مۈلۈك ئاللاھقا مەنسۇپ" مەپكۇرىسىنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ئۇنىڭ قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىفتىكى دەلىللىرى، شۇنىڭدەك، مەزكۇر مەپكۇرىنىڭ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ شەخسى ھاياتىدىكى ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئەقىدىۋى، پىكرىي، ئەخلاقىي تەسىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى بارچە يارالمىنىڭ ھەقىقىي ۋە بىردىنبىر ئىگىسىدۇر. جۈملىدىن، يەر، كۆك، ئىنسى جىن، باشقا جاندار ۋە جانسىزلارنىڭ، قىسقىسى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ يېگانە خوجىسىدۇر.

**ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۈلۈكىدۇر.**

— سۈرە «نەجم» (53 ـ سۈرە)، 31 ـ ئايەت

**راستلا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلۈكىدۇر، بەندىسىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر).**

— سۈرە «يۇنۇس» (10 ـ سۈرە)، 66 ـ ئايەت

**ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلۈكىدۇر، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدۇر، ئاللاھنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر).**

— سۈرە «تاھا» (20 ـ سۈرە)، 6 ـ ئايەت

كائىناتتىكى ھەممە نەرسە تەلتۆكۈس ھالدا ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. ھېچقانداق بىر ئەھەدى زەررىچىلىك نەرسىگە شېرىك ئەمەستۇر.

**ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ مەبۇد دەپ قارىغىنىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاسمان ـ زېمىننىڭ (يارىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدا ئاللاھقا) ھېچ شېرىكچىلىكى يوق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا (ئاسمان ـ زېمىننى ئىدارە قىلىشتا ياردەملىشىدىغان) ھېچ ياردەمچىمۇ يوق.**

— سۈرە «سەبەئ» (34 ـ سۈرە)، 22 ـ ئايەت

بارلىق مال ـ دۇنيا ئاللاھنىڭ مۈلۈكىدۇر، مال ـ دۇنيانى ياراتقۇچى ۋە بەندىلەرگە نېمەت قىلىپ بېغىشلىغۇچى زات ئاللاھ تائالادۇر.

ئىشلەپچىقىرىش—ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ ياراتقان ۋە ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ماددىيەت ساھەسىدىكى ئەمگەك پائالىيىتىدىن ئىبارەت. شۇڭا، ئىقتىسادشۇناسلار: ئىشلەپچىقىرىش—ئۈنۈم(مەنپەئەت) يارىتىش دەپ تەبىر بېرىدۇ. يەنى ئىشلەپچىقىرىش — ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن ماددىيەت ساھەسىدە ئېلىپ بارغان ئۆزگەرتىش پائالىيىتىدۇر. ئىقتىسادشۇناسلار ئىستېمالدىكى "ئىشلەپچىقىرىش — ئەمگەك ئارقىلىق ماددىي بايلىق يارىتىش" دېگەن ئىبارە ھەرگىز "ماددا ئىجاد قىلىش، يوقتىن بار قىلىش" نى كۆرسەتمەيدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدە ئېلىپ بارىدىغىنى، شەيئىلەرنىڭ شەكلى ياكى ئورنىدا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشتىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. ئالايلۇق: قېزىلما بايلىقلارنى قېزىش،(ئوۋ ھايۋانلىرىنى)ئوۋلاش، ئۇلارنى ئېھتىياجىدىن ئېشىنغان جايلاردىن ئېھتىياجلىق ئورۇنلارغا يۆتكەش، (ئۇزاقراق ئىشلىتىش مەقسىتىدە) ئوراپ ـ قاچىلاش، ئامبارلاش، توقۇش، نەقىشلەش، ئۇۋاش، تەركىب قوشۇش، بىرىكمە ياساش ... قاتارلىق تۈرلەرمۇ يۇقىرىقىلاردىن ماھىيەتلىك پەرقلەنمەيدۇ.

ئاددىي بىر مىسال ئالساق: بىر ئادەم زىرائەت تېرىسا ياكى مېۋە كۆچىتى تىكسە، زىرائەت دان، كۆچەت مېۋە بېرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ زېمىننى بويسۇندۇرۇپ، شاماللارنى چىقىرىپ، بۇلۇتلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ يامغۇر ياغدۇرغىنى ۋە يەر يۈزىدە سانسىزلىغان ئېقىنلارنى ئاقتۇرۇپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مۇناسىپ قۇياش نۇرى، ئىللىق ھاۋا بىلەن تەمىن ئېتىپ، تۇپراق ئاستىدىكى ئۇرۇقلارغا خىلمۇخىل ئوزۇقلارنى يېتەرلىك يەتكۈزۈپ، بىر تال ئۇرۇقنى مېۋىلىك، سايىلىق بىر تۈپ دەرەخكە ئايلاندۇرغان قۇدرىتى ۋە ئىلاھىي پەرۋىشى ئالدىدا، ئۇ ئادەمنىڭ يەر ئاغدۇرۇش، سۇغىرىش ۋە پەرۋىش قىلىشتىن ئىبارەت ئۆزى قول سېلىپ قىلغان ئەمگىكى قانچىلىك ۋەزىن تۇتار ؟!



ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئۇ ئويلاپ تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقىلنى، ئويلىغانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كۈچنى، بارلىق ياشاش پائالىيەتلىرىدە پايدىلىنىدىغان تۈرلۈك-تۈمەن ۋاستىلەرنى ئاتا قىلمىغان بولسا، ئىنساننىڭ پۈتۈن ئەمگىكى ھېچنېمىگە ئەرزىمىگەن بولاتتى. مانا بۇلارنى ئويلاپ يەتكەن كىشى ئۆزىنىڭ ھەر لەھزىدە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ئارقىلىقلا ئۆرە ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلالايدۇ. ئاللاھنىڭ سانسىز نېمەتلىرىگە، ساناپ تۈرۈپ ئىبادەت قىلىدىغانلىقىدىن ئۈيۈلۈپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈپ دانلارنى چىقارغان، گۈزەل باغلارنى راسلاپ، بۇلاقلاردىن سۇ ئاقتۇرغان ئاللاھنىڭ پەرۋىشىدە مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەرنى ئوزۇق قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

ئاللاھنىڭ قۇدرەت پەرۋىشىنى دېھقانچىلىقتىلا ئەمەس، ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە، سانائەت ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

سانائەتتىكى خام ئەشيا ئاللاھ تائالانىڭ ياراتمىسى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئاشۇ تەييار خام ئەشيا ئاساسىدا ئىشقا ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە تۆمۈرنى ئىنسانلارغا ئاتا قىلغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

**... تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ-قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار.**

——سۈرە «ھەدىد» (57-سۈرە)، 25-ئايەت

ئاللاھ تائالا تۆمۈرنى ۋە باشقا بارلىق مەۋجۇداتنى قۇدرىتى ئىلاھىي بىلەن ياراتقاندۇر. ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىدا ھېچ بىر ئەھەدىنىڭ شېرىكچىلىكى يوقتۇر. جۈملىدىن، يېقىلغۇ ماددىلار ئومۇمەن بارلىق ئېنېرگىيە مەنبەلىرى يېگانە ئاللاھنىڭ ئىجادىيىتىدۇر. ئىنسانلار كۆمۈر، نېفىت ياكى ئېلېكتر قاتارلىقلارنى ياراتقان ئەمەس، بەلكى بايقىغان.

سانائەتكە يۈزلىنىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلھام قىلىشى ۋە ئىنسانغا ئۇ بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرۈشى بىلەن بارلىققا كەلگەن. ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

**جەڭلەردە سىلەرنى (يارىدار بولۇشتىن) ساقلاش مەقسىتىدە، داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق. سىلەر (بۇنىڭغا) شۈكۈر قىلامسىلەر؟ (يەنى شۈكۈر قىلىڭلار ۋە نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىڭلار).**

—— سۈرە «ئەنبىيا» (21-سۈرە)، 80-ئايەت

يۇقىرىقىلاردىن يەكۈنىمىز شۇكى، مال-دۇنيا ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا پەزىل ۋە نېمەت قىلىپ ئاتا قىلغان رىزىقتۇر. ئىنسان ئۆز ئەمگىكى ۋە تىرىشچانلىقىنى تىلغا ئالغاندا، ئۆزى ئەمگەك ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان شەيئىلەرنى يوقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە شۇ ئىنساننىڭ ئىمكانىيىتى دائىرىسىگە كىرگۈزگەن قۇدرىتى ئىلاھىينى ئەسلىشى زۆرۈردۇر.

**سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بەرگەن ...**

—— سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 53-ئايەت

خوش، ئۇنداق ئىكەن، ئاشۇ مېھرىبان، قۇدرەتلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئاجىز بەندىسى بولمىش ئىنسان، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتىش

يۈزىسىدىن، ئاللاھنىڭ يولىغا، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە (يەنى ئۆز قېرىنداشلىرىغا) سەرپ قىلىشى ھەقلىقتۇر.

«تەپسىر كەششاف» نىڭ مۇئەللىپى ئەللامە زەمەخشەرى سۈرە«ھەدىد»(57 - سۈرە) تىكى

**ئاللاھ سىلەرنى ئىگە قىلغان ماللاردىن سەدىقە قىلىڭلار.**

دېگەن ئايەت(7 - ئايەت)نى تەپسىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:" سىلەرنىڭ قول ئىلكىڭلاردىكى مال - مۈلۈك ماھىيەتتە ئاللاھنىڭ مال - مۈلۈكىدۇر . ئۇنى ياراتقان، سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردا قىلغان ۋە سىلەرنى ئۇنىڭدىن بەھرىلەندۈرگەن زات ئاللاھتۇر. ئاللاھ سىلەرنى ئۇ مال - مۈلۈكلەرنى تەسەررۇپ قىلىشتا ئورۇنباسار قىلدى. ئۇنداق ئىكەن، مال - مۈلۈكىڭلاردىن ئاللاھ بۇيرۇغان جايلارغا تەسەررۇپ قىلىڭلار. باشقىلارنىڭ مېلىنى تەسەررۇپ قىلماقچى بولغان كىشى مال ئىگىسىنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن تەسەررۇپ قىلىشى يوللۇق بولغىنىدەك، سىلەرمۇ قول ئىلكىڭلاردىكى ئاللاھنىڭ مېلىنى ئاللاھ ئىزنى قىلغان جايلارغا تەسەررۇپ قىلىڭلار" («تەپسىر كەششاف» 3 - توم، 200 - بەت).

قول ئىلكىدىكى مال - مۈلۈكنىڭ ماھىيەتتە ئاللاھنىڭ مال - مۈلۈكى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ شۇ مال — مۈلۈكنى تەسەررۇپ قىلىشتا ئاللاھنىڭ ئورۇنباسارى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگەن، ئۇ كىشىنىڭ قول ئىلكىدىكى مال - مۈلۈكنى تەسەررۇپ قىلىش ئىجازىتىگە ئېرىشكەنلىكىنىلا بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى مال - مۈلۈكنى تەسەررۇپ قىلىشتا ۋە باشقا پائالىيەتلىرىدە، مال - مۈلۈكنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق پەرمانلىرىغا تولۇق ئىتائەت قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇ كىشىدە مال - مۈلۈكنى كۆڭلى تارتقانلا ئىشقا سەرپ قىلىش ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىگە يۈكلىگەن "ئاللاھنىڭ مال - مۈلۈكنى تەسەررۇپ قىلىشتا ئورۇنباسار بولۇش" تىن ئىبارەت مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلمىغان بولىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ ئۆلىمالىرىمىز ، ئاللاھ تائالانىڭ كىشىلەرنىڭ قول ئىلكىدە تۇرۇۋاتقان مال - مۈلۈكىدىكى ھەقىقىي توغرىسىدا تولىمۇ پاساھەتلىك ۋە ھېكمەتكە باي ۋەز - نەسىھەتلەرنى قالدۇرغان. ئاتاقلىق مۇپەسسىر ئىمام رازى ئۆزىنىڭ «تەفسىرۇل كەبىر» ناملىق تەپسىر كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: " نامراتلار ئاللاھنىڭ ھاجەتمەن بەندىلىرىدۇر. بايلار ئاللاھنىڭ خەزىنىدارلىرىدۇر. بايلارنىڭ قول ئىلكىدىكى مال - مۈلۈكلەر ماھىيەتتە ئاللاھنىڭ مېلىدۇر. شاھنىڭ خەزىنىدارلىرىغا: 'خەزىنىدىكى بايلىقلاردىن بىر بۆلۈكنى رەئىيەتتىن موھتاجلارغا تارقىتىپ بەر' دەپ پەرمانى ئالىي قىلىشى قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس" ئىبنى ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: " ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ تەگداشسىز ھېكمىتى ۋە بۈيۈك ئەھكاملىرى بىرلە ، بىر قىسىم بەندىلىرىگە مال — دۇنيانى نېمەت قىلىپ بەردى ۋە ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىدىن مۇئەييەن ئۈلۈشنى ئايرىپ، ئاللاھقا ۋاكالىتەن مال — مۈلۈكسىز كىشىلەرگە تاپشۇرۇشنى، ئۇلارغا ئاتا قىلىنغان مال - مۈلۈكنىڭ شۈكرانىسى قىلدى. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ:

**يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان.**

—— سۈرە «ھۇد»(11 - سۈرە)، 6 - ئايەت

دېگەن سۆزىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيلىشىشىدۇر" («ئەھكامۇلقۇرئان» 945 - بەت).

ئاللاھنىڭ خەزىنىدارلىرى بولغان بايلار، ئاللاھنىڭ ھاجەتمەن بەندىلىرىگە بېخىللىق قىلىپ، مال - مۈلۈكلىرىدىن تېگىشلىك قىسمىنى ئايرىپ بەرمىسە، ئاللاھنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك ئازابقا دۇچار بولۇشلىرى بەرھەق. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق جاكارلايدۇ:

**نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر(كۇفرانى نېمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ.**

—— سۈرە «ئىبراھىم»(14 - سۈرە)، 7 - ئايەت.

(داۋامى بار)

(ئاپتور: مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى تالىپى:
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام دىنى

## تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ

ئەخمەت مەتنىياز داموللا ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنى ئىككى ئالەمگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئىككى ئالەملىك قاراشنى يېتىلدۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان دىن بولۇپ، ئىنسانلارغا ئىككى ئالەم قارىشىنى ئىلمىي، مەنتىقىلىق ئۇسۇلدا چۈشەندۈرىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ نىشانى ئىنسانلارنى ئىككى ئالەمدە بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش، خەتەرلىك پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تولدۇرغۇسىز زىياندىن قۇتقۇزۇۋېلىش. مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»دە ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدە بۇ نىشان ۋە بۇ نىشانغا يېتىشتىكى قەدەم باسقۇچلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئىككى ئالەمدە بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بەختكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردا ئۈستۈنلۈك قازىنىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ توغرۇلۇق ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.**

——سۈرە «ئال ئىمران» (3 - سۈرە)، 139 - ئايەت

بۇ ئايەتتىكى"**ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر**" دېگەن سۆز مۇشۇ دۇنيادىكى ئۈستۈنلۈك قازىنىشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئاخىرەت ئەمەل قىلىدىغان ئورۇن بولماستىن، دۇنيادا قىلغان ئەمەلنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدىغان ئورۇن. شۇڭا، ئۈستۈنلۈك قازىنىشقا ئېرىشىش دەل مۇشۇ دۇنيادا بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى يۈزەكى چۈشەنگەن بەزى مۇسۇلمانلىرىمىز "ئاللاھ قۇرئاندا ئۈستۈنلۈك قازىنىشقا ئىماننى شەرت قىلىپتۇ، ئاللاھقا ئىمانلا كەلتۈرسەك ئورنىمىز يۇقىرى بولىدىكەن، دۇنيادىن بىغەم، بەختلىك ئۆتىدىكەنمىز" دەپ ئاخىرەتنى كۈچەپ تەرغىب قىلىپ، دۇنيانى خۇنۈكلەشتۈرىدۇ، "ئاللاھ ئاخىرەتنى مۇسۇلمانغا ياراتقان، دۇنيانى مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ياراتقان، بۇ دۇنيادا راھەت كۆرگەنلەر ئاخىرەتتە جاپا تارتىدۇ، بۇ دۇنيادا جاپا تارتقانلار ئاخىرەتتە راھەت كۆرىدۇ " دېگەن تەشۋىقاتنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى دۇنيا ئۈچۈن باش قاتۇرمايدىغان، دۇنيا ئۈچۈن تىرىشمايدىغان بىر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. نەتىجىدە خېلى كۆپ مۇسۇلمانلار ھەر ئىشتا ئۈستۈنلۈك قازانماي، چېكىنىشكە يۈزلىنىپ، ئورنى كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەشكە باشلاپ، باشقىلارنى يېتەكلەيدىغان ئىلغارلىقتىن باشقىلار يېتەكلىمىسە يول تاپالمايدىغان پاسسىپلىققا، باشقىلارغا خەيرخاھلىق قىلىدىغان ئېسىلزادىلەردىن باشقىلارنىڭ خەيرخاھلىقىغا موھتاج بولىدىغان بىچارىلەرگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. جۈملىدىن، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگىلى مىڭ يىلدىن ئېشىپ، مۇشۇ مىڭ يىل مابەينىدە تارىختا

ئاجايىپ مەدەنىيەتلەرنى، دۇنيادا داڭلىق ئالىم، پەيلاسوپلارنى، يارامىلىق كىشىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىلغار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر قىسمى يۇقىرىقىدەك تەشۋىقاتلارنىڭ نەتىجىسىدە مەملىكەت بويىچە زەھەر چېكىش، هاراق ئىچىشتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان، زىنا - پاھىشە ۋە ھەر خىل يامان قىلىقلاردىن ئۆزىنى تارتماي ئەيدىز كېسەللىنى يۇقتۇرۇۋېلىشتا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان، بالىلىرى بىلىمدىن قاچىدىغان، بىكارچىلىقنى قوغلىشىدىغان، ئىش قىلىشنى خالىمايدىغان ھۇرۇن ، نادان، جاھىللارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

مۇسۇلمانلار مۇشۇنداق ئىچىنىشلىق ئەھۋالغا گىرىپتار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاخىرەتنى تىلەش بىلەن بىرگە دۇنيادىكى نېسىۋىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم ئىدى. ئاللاھ بۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇپ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە) ياخشىلىق قىلغىن.**

——سۈرە«قەسەس»(28 - سۈرە) 77 - ئايەت

**ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ’مەن يەر يۈزىدە خەلىپە(يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن‘ دېدى. پەرىشتىلەر:’يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز‘ دېدى. ئاللاھ:’مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن‘ دېدى، ئاللاھ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ نامىلىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: ’(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ نامىلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار‘ دېدى. پەرىشتىلەر: ’سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز، بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن‘ دېدى، ئاللاھ: ’ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ نامىلىرىنى ئېيتىپ بەرگىن‘ دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ نامىلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: ’مەن سىلەرگە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم‘ دېدى.**

——سۈرە«بەقەرە»(2 - سۈرە) 30—33 - ئايەتلەر

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا ئادەمنىڭ تەبىئىتىدە قانخورلۇق، بۇزۇقچىلىققا ئوخشاش پەسكەشلىك بولسىمۇ تەرەققىيات، ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولغان بىلىم بۇ پەسكەشلىكنى يوقىتىپ، ئۇنى شەرەپكە ئىگە قىلىدىغانلىقنى كۆرسىتىپ بەرگەن، بۇ يەردە يەنە شۇ مەزمۇن كۆرسىتىلگەنكى، ئىنسانلار ئاللاھنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق ئاخىرەت يۇرتىنى تىلەش بىلەن بىرگە، دۇنيا توغرۇلۇق بىلىملەرنى ئىگىلەش بىلەن دۇنيانى تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم. مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئىنساننى زېمىندا يارىتىشتىكى زور ھېكمىتى. ئەگەر ھېكمەت بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا ئىدى، پەرىشتىلەر: ”ئىنساندەك قانخور، بۇزغۇنچىلارنى ياراتماي، بىزدەك ئۆزلىرىنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدىغان كىشىلەرنى ياراتسىلا“ دېگەندە، ئاللاھ ئەلۋەتتە پەرىشتىلەرنى ياراتاتتى ياكى ئىنساننى پەرىشتە سۈپەت، دۇنياغا قىزىقمايدىغان، داۋاملىق ئاخىرەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان قىلىپ ياراتاتتى ھەم ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆزى كەلگۈسىدە ئېھتىياجلىق بولىدىغان بارلىق شەيئىلەرنىڭ نامىلىرىنى، خۇسۇسىيىتىنى، ئىشلەش پرىنسىپىنى دەپ بەرگەندە، ئاللاھ ”**مەن سىلەرگە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن... دېمىگەنمىدىم**“دەپ پەرىشتىلەرگە ئادەمدىن پەخىرلىنىش ئىشارىتىنى بەرمەيتتى.

خۇددى ئاللاھ بۇ ئايەتتە بايان قىلغاندەك، ھازىرقى ئەمەلىيەتتە قەيەردە كىشىلەرنىڭ بىلىمى، ئاڭ سەۋىيىسى، دۇنيانى چۈشىنىشى، تەرەققىياتى يۇقىرى، ئىقتىسادى ياخشى بولسا قانخورلۇق، بۇزۇقچىلىق ئاز، ئەكسىچە كىشىلەر بىلىمسىز نادان، قالاق، كەمبەغەل بولسا قانخورلۇق، بۇزۇقچىلىق كۆپ بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەمەلىيەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ”مۇسۇلمانلار

ئاخىرەت توغرۇلۇق بىلىم ئىگىلىسە بولىدۇ، دۇنيا توغرۇلۇق بىلىم ئىگىلىسە بولمايدۇ، دۇنيادا غېرىب ئۆتسە بولىدۇ، بايلىققا ئېرىشسە بولمايدۇ، باي ئادەمنى ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدۇ" دەيدىغان ئادەملەر يوق ئەمەس. يۇقىرىقى ئايەتتىكى "**ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن**" دېگەن سۆز مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىققا ئېرىشسە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، "**ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن**" دېگەن سۆز بايلىقنى خاتا، ناچار يولدا ئىشلەتمەي، ئاخىرەتتىن ئىبارەت كەلگۈسىدىكى پارلاق ئىستىقبالغا، ھەقىقىي بەخت-سائادەتكە ئىگە بولغان ئالىي ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھ رازى بولىدىغان، ئاللاھقا يېقىن قىلىدىغان ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئاللاھ ئەڭ رازى بولىدىغان، ئاللاھقا ئەڭ يېقىن قىلىدىغان ئەمەل ئىماندۇر، ھەم يۇقىرىدا ئاللاھ دېگەندەك ئىنسانلارنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىلمۇ يەنىلا ئىماندۇر. لېكىن ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش، ئاللاھقا يېقىن بولۇش، ھەر قانداق ئىشتا ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن "لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ (ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق ئەلچىسى)" دېگەن ئىمان كەلىمىسىنى دەپ قويۇش، ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ قويۇش، بېشىغا كۈن چۈشسە دۇئا-ئىستىغپار ئوقۇپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى رەسۇلۇللاھ دېگەندەك، ئىماننىڭ شاخچىلىرىنى تولۇق يېتىلدۈرگەندىلا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكىلى، ئاللاھقا يېقىن بولغىلى، ھەر قانداق ئىشتا ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئىماننىڭ شاخچىلىرى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: "**ئىماننىڭ يەتمىش نەچچە شېخى بولىدۇ. بۇ شاخلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى (ياخشىسى ياكى يۇقىرىسى) (ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىسپات بولىدىغان) لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ (يەنى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق) دېگەن سۆز، ئەڭ تۆۋىنى (ئادەتتىكىسى) ئازار بېرىدىغان نەرسىنى يولدىن يۆتكىۋېتىش، ھايا قىلىش ئىماننىڭ بىر شېخى**" (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان). بۇ ھەدىستىن ئىماننىڭ ئاساسى بولغان ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ئارقىلىق ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۇقىرىقى ئايەتتە دېيىلگەندەك، ئاللاھ ئىنساننى ۋە ئىنسان ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق نەرسىلەرنى يارىتىپ، ئىنسانغا ئەقىل، بىلىم، سۆزلەش قابىلىيىتى ئاتا قىلىپ، كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بېرىش بىلەن، ئىنساننىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇشتەك خىسلەتلەر ئارقىلىق ئىنسانغا ياخشىلىق قىلغاندەك، ئىنسانمۇ باشقىلارغا ئاسانلىق، قۇلايلىق يارىتىپ بېرىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق بىر-بىرىگە ياخشىلىق قىلىش پائالىيىتىنى ئومۇملاشتۇرغاندا ھەر دائىم ئىنسان ئاللاھتىن ۋە بىر-بىرىدىن رازى بولىدىغان ياخشى كەيپىيات شەكىللىنىدىغانلىقى، نەتىجىدە بىر ناچار قىلمىشقا دۇچ كەلگەندە ئاللاھتىن ۋە بىر-بىرىدىن ھايا قىلىش ئارقىلىق يامان قىلمىشتىن ئۆزىنى تارتىدىغان ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك، دىيانەتلىك، ئىمانى كامىل مۇسۇلمانلاردىن بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھەم شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمانلار ئىمانىنى كامىل قىلىش ئۈچۈن ئىماننىڭ 70 نەچچە شېخىنى تولۇق يېتىلدۈرۈشى لازىم. شۇنداقلا، بۇ شاخلار قانچە تولۇق يېتىلسە شۇنچە كۆپ مېۋە بېرىدىغانلىقىنى، ھەر دائىم ئىماننىڭ مول مېۋىسىنىڭ پايدىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقىلنى ئىشقا سېلىپ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ يولىيورۇقى، چەكلىمىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىدىغان بىلىملەرنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان، ئىنسانلارنىڭ ئېغىرچىلىقىنى يوقىتىپ، ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ، قۇلايلىق يارىتىپ بېرىدىغان، تەرەققىياتنىڭ ئاساسى بولغان ئىلىم-پەن بىلىملىرىنىمۇ ئىگىلەشنىڭ لازىملىقىنى تونۇش لازىم. سۈرە «بەقەرە»دە بايان قىلىنغان "**ئاللاھ شەيئىلەرنىڭ نامىنى ئۆگەتتى**" دېگەن سۆزنى تەپسىرشۇناس ئالىملار كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ ئىسمى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى دەپ تەپسىرلىگەن. مانا بۇ شەيئىلەرنىڭ ئىسمى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدىغان بىلىم ئىلىم-پەندۇر. شۇ بىلىمدىن تولۇق خەۋەردار بولغاندا ھەقىقىي ھايالىق، ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك مۇسۇلمانلاردىن بولغىلى بولىدۇ.

ئىماننىڭ تۆپ يىلتىزى، يۇقىرى دەرىجىلىك شاخلىرى بولغان كەلىمە شاھادەتنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ئۈچۈن، ھەر دائىم زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كەلىسمۇ، ئەمما تۆۋەن دەرىجىلىك شېخى بولغان ئازار بېرىدىغان نەرسىنى يولدىن يۆتكىۋېتىش دېگەن ھۆكۈمنى ئۆز ۋاقتىدا ھېچ قانچە كۈچ سەرپ قىلماي قارا كۈچ بىلەنلا ھەر قانداق ئادەم ئورۇندىيالايتتى. ئۆز ۋاقتىدىكىدەك، پەن - تېخنىكىدىن ئەسەر بولمىغان، جەمئىيەت تەرەققىي قىلمىغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قالاق بىر ۋەزىيەتتە، ئىنسانغا ئازار بېرىدىغان نەرسە يولدىكى تاش، تىكەنگە ئوخشاش نەرسىلەر بولغان بولسا، پەن - تېخنىكا ھازىرقىدەك كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىلغارلاشقان بىر ئەھۋالدا، ئىنسانغا ئازار بېرىدىغان نەرسىنىڭ سانى كۆپىيىپ، ئۇنى قارا كۈچ بىلەن يوقىتىش مۇمكىن بولمايدىغان، پەن - تېخنىكا ئارقىلىقلا يوقاتقىلى بولىدىغان بىر ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئەينى چاغدىكى قاتناش ئۈسكۈنىلىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن راھەت تۇيۇلغان بولسا، ھازىر ئۇلار ئىنسانغا ئازار بېرىدىغان نەرسىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بۇنى يوقىتىش ئۈچۈن يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق زامانىۋى ئاسفالت يوللار، ئىلغار قاتناش ۋە دېھقانچىلىق ئۈسكۈنىلىرىگە ئېھتىياج چۈشتى. رەسۇلۇللاھ مۇشۇنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىماننىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك شېخىنى بايان قىلغاندا، يولدىكى تاش، تىكەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنى يۆتكىۋېتىش دەپ مۇئەييەنلەشتۈرمەي، ئازار بېرىدىغان نەرسىنى يۆتكىۋېتىش دەپ مۇتلەقلەشتۈردى. بۇ مەزمۇنلاردىن مۇسۇلمان ئادەم قايسى شارائىت، قايسى ئورۇندا ياشىغان بولسا، شۇ ئورۇن ۋە شارائىتنىڭ تەلپى بويىچە كىشىلەرگە ئازار بېرىدۇ دەپ قارىغان نەرسىنى يوق قىلىپ، جەمئىيەتكە ماس ھالدا راھەتتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشقا كۈچ چىقىرىش ئىماننىڭ بىر شېخىنى يېتىلدۈرگەنلىك بولىدۇ، شۇنداقلا، ئىنساندىكى ئېغىرچىلىقنى يوقىتىپ، قۇلايلىق شارائىتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدىغان پەن - تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىشمۇ ئىماننىڭ 70 نەچچە شېخىنىڭ بىر قىسمى دېگەن ئۇقۇمنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. چۈنكى ھەدىستە يول ئۈستىدىكى تاش، تىكەنگە ئوخشاش ئىنسانغا ئازار بېرىدىغان نەرسىلەرنى يوقىتىپ، يولنى تۈزلەپ، كىشىلەرگە ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەن ئىشلارنى ئىماننىڭ بىر قىسمى دەپ چۈشەندۈرگەن يەردە، تەرەققىياتنىڭ ئاساسى بولغان پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئىلغار قاتناش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ھازىرقىدەك راۋان يوللارنى ياساپ، يولۇچىلارنى يول ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش، زامانىۋى دېھقانچىلىق ئۈسكۈنىلىرىنى ياساپ، دېھقانلارنى، ھەتتاكى چارۋىلارنى ئەمگەك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنسانغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىدىغان ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشمۇ ئىماننىڭ بىر قىسمى بولالامدۇ؟ ئەلۋەتتە بولىدۇ. بۇ ھەدىستىكى ئىماننىڭ يۇقىرى قاتلىمى بىلەن تۆۋەن قاتلىمنى بايان قىلىپ، ئوتتۇرا قاتلىمنى مۇئەييەنلەشتۈرمەسلىكتىكى بىر سەۋەب، ئىنسانغا پايدىلىق، قوپاللىق ئىشلارنىڭ داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، پايدىلىق ئىشلارنى كۆپلەپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، قولايلىق شارائىتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ لازىملىقى، شۇ تىرىشچانلىق ئارقىلىق قانچە كۆپ پايدىلىق نەرسىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىگە كۆپلەپ قولايلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەرسە ئىماننىڭ شېخى شۇنچە تولۇقلىنىدىغانلىقى، بۇ شاخلاردىن كۆپلەپ مېۋە ئالغىلى بولىدىغانلىقى، ئىماننىڭ شېخى قانچە تولۇقلىنىپ، بېرىدىغان مېۋىسى قانچە كۆپ بولسا، دۇنيادىن شۇنچە تولۇق لەززەتلىنەلەيدىغانلىقى، ئاخىرەتتە دۇنيادىكى لەززەتتىن نەچچە ھەسسە كۆپ لەززەتكە ئىگە بولىدىغانلىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ھازىرقى جەمئىيەتتە پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان تەرەققىياتلارنىڭ ئىنسانلارغا قانچىلىك قۇلايلىق شارائىتلارنى ۋە مەنپەئەتلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم. شۇنداقلا، پەن - تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى قانچە ئىلغارلىشىپ، تەرەققىيات يۇكسەلگەنسېرى ئىنسانلارنىڭ دۇنيانىڭ لەززىتىدىن شۇنچە كۆپ ھۇزۇرلىنىۋاتقانلىقىمۇ ھەممىگە مەلۇم. ئايەتتىكى

«دۇنيادىكى نېسۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن» دېگەن سۆز ئاللاھ پايدىلىنىشقا رۇخسەت قىلىپ بەرگەن نازۇ-نېمەتلەرنى ھالال يول، يوللۇق ئۇسۇل بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيانىڭ لەززىتىدىن ھۇزۇرلانسا بولىدىغانلىقىغا قارىتىلغان.

مانا بۇ مەزمۇنلار ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراستىنىڭ مەھسۇلى بولغان پەن-تېخنىكا ئارقىلىق يۈكسەلگەن تەرەققىياتلارنى شەيتانغا باغلاپ: «تەرەققىيات نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن سانائەت ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىش ئاللاھنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ، ئاللاھ نەرسىلەرنى قانداق ياراتقان بولسا ئۆز پېتىچە پايدىلىنىشقا بولىدۇ، ئۆزگەرتىپ پايدىلانسا گۇناھ بولىدۇ» دېگۈچىلەرگە رەددىيە. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ مۇنداق دېگەن:

**ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر(نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى.**

—— سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 29-ئايەت

ھازىر ئىنسانلار پايدىلىنىۋاتقان سانائەت ئۈسكۈنىلىرى ئىنسانلارنىڭ زېمىندىن چىقىدىغان خام ئەشيالارغا ئىش قوشۇشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئايەتتىكى «**يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسە**» دېگەن ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە ھازىرقى بار ۋە كەلگۈسىدە بارلىققا كېلىدىغان بارلىق سانائەت ئۈسكۈنىلىرى كىرىدۇ. ئايەتتىكى «**سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى**» دېگەن سۆز مۇشۇنداق سانائەت ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىشقا رۇخسەت، گۇناھ بولمايدۇ دېگەنگە ئىشارەت. كائىناتتىكى نەرسىلەرنى تەبىئىي ھالىتىدىن ئۆزگەرتىپ، ئۆزىمىزگە قولايلىق قىلىپ پايدىلانساق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**بىلمەمسىلەركى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى(يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى)، سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن(يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى) نېمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى.**

——سۈرە «لوقمان» (31-سۈرە)، 20-ئايەت

بۇ ئايەتتىكى «**بويسۇندۇرۇپ بەردى**» دېگەن سۆز كائىناتتىكى نەرسىلەرنىڭ تەبىئىي ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ پايدىلانسا بولىدىغانلىقىغا پاكىت. «**ئاسماندىكى نەرسىلەر**» دېگەن سۆز ئىنسانلار ئۆزى تۇرۇۋاتقان زېمىندىكى نەرسىلەردىنلا پايدىلىنىپ قالماستىن، ئەقىل ئىشلىتىپ، تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، ئاسماندىكى نەرسىلەردىنمۇ پايدىلىنالايدىغانلىقى ھەم پايدىلانسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاسمان ۋە زېمىندىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنىش پەن-تېخنىكا ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. پەن-تېخنىكا بولمىسا ئاسماندىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنىش ئەمەس، زېمىندىكى نەرسىلەردىنمۇ تولۇق پايدىلانغىلى بولمايدۇ. يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم-پەن ۋە تەرەققىياتنى قوللايدىغانلىقىنى، مۇسۇلمانلارمۇ ئىلىم-پەن تەرەققىياتىغا يۈزلەنسە بولىدۇلا ئەمەس، پەن-تېخنىكا، تەرەققىياتتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇ توغرۇلۇق قۇرئاندا ئاللاھ مۇنداق دېگەن:

**(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى)، سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.**

—— سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، **110**-ئايەت

دېمەك، پەن-تېخنىكا، تەرەققىيات ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئىنسانلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدىغان، ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرىدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرىدىغان بىر ياخشىلىق. مۇشۇنداق ياخشىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، مۇشۇ ياخشىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى. ئەكسىچە كىشىلەرنى نادانلىق، خۇراپاتلىق يولغا باشلاپ، ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەي، قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ئېسىلىۋېلىپ، يىل بويى جاپا تارتىپ ئىشلىسىمۇ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىق، نەتىجىدە ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، زەھەر سېتىش قاتارلىق يامان يولغا مېڭىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇش يامانلىقتۇر. مۇشۇنداق يامانلىقتىن توسۇش، بۇ يامان ئىشلارنى قىلماسلىقلار دەپ قويۇش بىلەنلا كۇپايە

قىلمايدۇ، بەلكى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قۇرئان، ھەدىسنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ، ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، يامان ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى تۈگىتىشكە كۈچ چىقىرىپ، مۇسۇلمانلارنى تىرىشچان، ئەمگەكچان، ئىجادچان، قەيسەر بولۇشقا يېتەكلەش ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلغانلىق ۋە ھەقىقىي يامانلىقتىن توسقانلىق بولىدۇ. پەن-تېخنىكا ۋە تەرەققىياتتىكى مەقسەت: ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئۈنۈم يارىتىپ، ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇرۇپ، ھاللىق سەۋىيە بەرپا قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى پاراۋان، ھاياتنى بەختلىك ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت. ئىسلام دىنى تۇرمۇشنى پاراۋان، ھاياتنى بەختلىك ئۆتكۈزۈشنى تەرغىب قىلىدۇ. بۇ توغرۇلۇق ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

**بەزى كىشىلەر: "ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن" دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچ نېسىۋە يوقتۇر. بەزى كىشىلەر: "پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بۇ دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن" دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرىدۇ. ئاللاھنىڭ ھېساب ئېلىشى تېزدۇر (يەنى شۇنچە كۆپ خالايىقتىن قىسقا ۋاقىتتا ھېساب ئېلىپ بولىدۇ).**

——سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 200—201-ئايەتلەر

بۇ ئايەتلەردىن مۇسۇلمان ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پاراۋان، بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك دېگەن مەزمۇننى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

پاراۋان، بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى ئىگىلەش كېرەك، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ھېكمەتنى (يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند-نەسىھەت ئالىدۇ.**

——سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 269-ئايەت

شۇنداقلا، ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك. ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش توغرۇلۇق رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: **"ھالال كەسىپ تەلەپ قىلىش پەرزدىن كېيىن يەنە بىر پەرزدۇر"** (بەيھەقى توپلىغان). بۇ ھەدىستە ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدىغان بەش پەرزدىن باشقا دۇنيادا يۈزىنى يورۇق قىلىدىغان، ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە قىلىدىغان ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى ئايەت، ھەدىستە دېيىلگەندەك ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق بىلىم ۋە بىرەر ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماي تۇرۇپ "مېنىڭ بىلىملىك، بىلىمسىز، باي-كەمبەغەل بولۇشۇم پېشانەمگە پۈتۈلگەن، ئەگەر ئاللاھ بىلىملىك، باي بولۇشقا تەقدىر قىلغان بولسا ئۆيدە يېتىۋالسامۇ بەربىر بىلىملىك، باي بولىمەن، ئەگەر بىلىمسىز، كەمبەغەل بولۇشقا تەقدىر قىلىنغان بولسام كېچە-كۈندۈز تىرىشسامۇ، ئىشلىسەممۇ بىلىمسىز، كەمبەغەل بولىمەن، شۇڭا پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرىمەن" دەپ ھۇرۇنلۇق قىلىپ يېتىۋېلىش تەقدىرنى تەتۈر چۈشەنگەنلىك ھەم ئىسلام ئەقىدىلىرىگە خىلاپ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە بىر ئوغرى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىپتۇ. ئۇنىڭدىن: "نېمىشقا ئوغرىلىق قىلدىڭ؟" دەپ سورىغان ئىكەن، ئۇ: "ئاللاھ تائالا پېشانەمگە مۇشۇنداق قىلىشنى پۈتۈپتىكەن" دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىپ يەنە دەررە بىلەن ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ، ئەتراپتىكىلەر ئەجەبلىنىپ، قولىنى كېسىش ئوغرىلىقنىڭ جازاسى ئۈچۈن، يەنە نېمىشقا دەررە بىلەن ئۇرىدۇ؟ دېيىشىپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چۈشەندۈرۈپ: "قولىنى كېسىش ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، دەررە بولسا ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغانلىقى ئۈچۈن" دەپتۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مەدىنىدىن شامغا يۈرۈش قىلىپ، سەرغ دېگەن جايغا كەلگەندە شامدا ۋابا

تارالغانلىقى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ شامغا كىرىش ياكى كەينىگە قايتىپ كېتىش ھەققىدە ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قايتىپ كېتىش قارار قىلىنىپتۇ. ساھابىلەردىن ئەبۇ ئۇبەيد جەرراھ: "ئى ئۆمەر، ئاللاھنىڭ پۈتكەن تەقدىرىدىن قاچامسەن" دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "مۇشۇ گەپنى سەندىن باشقا بىرى دېسە ئەجەبلەنمەس ئىدىم. شۇنداق، ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن يەنە ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە قاچىمىز. ئەگەر بىر كىشى دەريا ۋادىسىغا بارسا، دەريانىڭ بىر تەرىپى ئوتلاق، يەنە بىر تەرىپى گىياھ ئۈنمەس قاقاس يەر بولسا، ئوتلاقتا پادىلىرىنى باققان كىشىمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن، قاقاس يەردە پادىلىرىنى باققان كىشىمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن باققان بولىدۇ" دەپ جاۋاب بەرگەن. ساھابە ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋابا تارقالغان جاي ھەققىدە ئېيتقان: **"ئەگەر ۋابا تارقالغان جايدا بولساڭلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار، ئەگەر باشقا يەردە بولساڭلار ۋابا تارقالغان جايغا بارماڭلار"** دېگەن ھەدىسىنى يەتكۈزگەندە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى خوش بولغان.

ھەدىستە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ توغرا تەقدىر ئەقىدىسى بىلەن ھەممە خىل ھالەتنىڭ ئاللاھنىڭ ھۆكۈم قىلغان ئىلمىي ئەزەلىيسىدە مەلۇملۇق بولغان تەقدىر ئىكەنلىكىنى، ۋابا كېسىلىگە دۇچ كېلىشتەك تەقدىر ئالدىدا ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەدبىر قىلىشمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى ئىكەنلىكىنى، پادىلىرىنى قاقاس يەردىن ئوتلاققا يۆتكىگەن كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ بىر خىل تەقدىرىدىن يەنە بىر خىل تەقدىرگە يۆتكەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. پېشانىمىزگە بىلىملىك، باي بولۇش پۈتۈلگەنمۇ ياكى بىلىمسىز، كەمبەغەل بولۇش پۈتۈلگەنمۇ؟ ئۇ بىزگە نامەلۇم، لېكىن بىلىمسىزلىك، كەمبەغەللىكنىڭ يوللىرى ئەقىل يۈرگۈزمەسلىك، تىرىشماسلىق، چارە-تەدبىر قىلماسلىق، ئىزدەنمەسلىك قاتارلىق ھورۇنلۇق قىلمىشلىرى ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم. شۇنىڭدەك بىلىم، بايلىقنىڭ يوللىرى ئەقىل يۈرگۈزۈش، تىرىشىش، چارە-تەدبىر قىلىش، ئىزدىنىش قاتارلىق تېپىلىدىغانلىقىمۇ بىزگە مەلۇم. شۇڭا بىز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەقدىر توغرىسىدىكى يۇقىرىقى يەكۈننى ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىشىمىز، ھورۇنلۇقىمىزغا تەقدىرنى باھانە قىلىپ، بىلىمسىز، يوقسۇل بولۇپ قېلىپ خارلىنىش، تۇرمۇشتا قىينىلىش ئۆزىمىزنىڭ ھورۇنلۇقىدىن كۆرمەي، مەن ئاللاھقا ئىشەنسەم ھەممە رىزىقنى ئاللاھ بېرىدىغان، ئاللاھ ئەزىز قىلىدىغان، خار قىلىدىغان تۇرسا، ماڭا نېمىشقا رىزىق بەرمەيدۇ؟ مېنى نېمىشقا ئەزىز قىلماي خار قىلىدۇ؟... دەپ ئاللاھتىن ئاغرىنىپ، "پالانى بولمىغان بولسا، ئۇ تاپقان بايلىقنى مەن تاپاتتىم، ھازىر مەن تاپىدىغان بايلىقنى ئۇ تېپىۋالدى" دەپ باشقىلاردىن ئاغرىنىپ، ئۆمرىنى ھەسرەت-شىكايەت، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىش ئارقىلىق يامانلاش بىلەنلا ئۆتكۈزىدىغان بىچارىلىكنى تاشلاپ، ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ، داۋاملىق ئىزدىنىپ، يولۇققان ئوڭۇشسىزلىقلارغا تەدبىر قوللىنىپ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ بىلىمسىز، نادان، كەمبەغەل، غېرىب، بىچارە ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. ئۆز ھالىمىزنى ئۆزىمىز ئۆزگەرتمىسەك، نەتىجىدە تېخىمۇ نادانلىشىپ، پېقىرلىشىپ، غېرىبلىق بېسىپ، دۇنياغا تۆرەلگەنگە مىڭ پۇشايمان قىلىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. ئاللاھ بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

**ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.**

——سۈرە «رەئد» (13-سۈرە)، 11-ئايەت

ھازىر يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تەرەققىياتقا ماسلىشىپ، ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئىزدىنىش، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق بىلىمسىزلىك، نادانلىق، كەمبەغەللىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، بىلىم، ئىقتىساد ۋە باشقا ساھەلەردە زور ئۇتۇق قازانغان كىشىلەر بارلىققا كەلمەكتە. بۇ ئۇتۇق قازانغان كىشىلەر باشقىلارغا نىسبەتەن ئاز پىرسەنتنى تەشكىل قىلغاچقا، ئۇلار خەلقىمىزنىڭ بىلىمسىز، نادان، كەمبەغەل ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ،

ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتقا يۈزلىنىش ئېھتىياجىدىن تولۇق چىقىپ بولالىشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇق قازانغۇچىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپلەپ چىقىشى، ئوتتۇق قازانغۇچىلار قازانغان ئوتتۇقنى قولدىن بەرمەسلىكى، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، خەلقى ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، ئوتتۇق قازانغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، بىراق ئاز بىر قىسمى ئازراق ئوتتۇق قازىنىپلا غادىيىۋېلىپ، ئۆز خەلقىنى كەمسىتىدىغان، بۇ خەقنى مىڭ يۈلسىمۇ يەنىلا تۈزۈشى شۇ دەيدىغان، كىشىلەرنى ئىشقا سېلىپ ئىش ھەققىنى بەرمەيدىغان، بۇمۇ ماڭا ئوخشاش روناق تاپسۇن دېمەي، تېخىمۇ نادانلاشسۇن، پېقىرلاشسۇن، روناق تاپسا مېنىڭ بىلەن ئۆزۈڭگە سوقۇشتۇرىدۇ، مەنلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇراي، باشقىلار ئالدىمغا ئۆتىۋالمىسۇن دېگەن نىيەتتە ئىقتىسادنى بەتخەجلىك بىلەن خەجلىسە خەجلەيدىكى، بىر ئادەمگە نەپ بەرمەيدىغان پاسسىپ ھالەتتە تۇرۇۋاتماقتا. مانا بۇ ئاللاھ يۇقىرىدا دېگەندەك، ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ، گۇناھقا چۆمگەنلىك، ئەگەر ئوتتۇق قازانغۇچىلاردا ئىنساپ يوق، باشقىلاردا تىرىشچانلىق يوق بولۇشتەك ناچار قىلمىشلار داۋاملىشىدىغان بولسا، ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەردىن قۇرۇق قېلىپ، پېقىرلىك، بىچارىلىكتىن قۇتۇلالمايمىز. ھازىر بىر قىسىم ئوتتۇق قازانغۇچىلىرىمىز شۇ سەۋەب بىلەن ۋەيران بولۇپ بىچارىلەرگە ئايلىنىۋاتقان ئەھۋالمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بىچارىلىشىپ، بېشىغا كۈن چۈشكەنسېرى بىر دەم ناماز ئوقۇپ تەۋبە - ئىستىغپار ئېيتىپ قويىدىغان، بىر دەم ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىخىنى ئەسلەپ ئۆلاردىن رەنجىيدىغان، بىر دەم بىز مۇسۇلمان بولغانلىقتىن مۇشۇنداق كۈنگە قاپتىمىز دەپ تەتۈر تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ مىللىي، دىنىي قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىدىغان مىجەزى تۇراقسىز كىشىلەر خەلقىمىزنىڭ ھەر تەرەپتىن تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق تۇراقسىز، تۇتۇرۇقسىز مىجەزگە گىرىپتار بولماسلىق ئۈچۈن، قولدا بارنى بۇزۇپ چاچماسلىق، ئىقتىسادچان، تىرىشچان بولۇش، باشقىلارنى ئۆزىدەك بولۇشقا يېتەكلەش، ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنىمۇ ھەر دائىم ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندايدىغان، ئۆز تۇرمۇشىنىمۇ نورمال ئېلىپ ماڭىدىغان تۇراقلىق مىجەزنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان، شۇڭا بىزنىڭ ئۇلاردىن رەنجىيدىغانغا ھەققىمىز يوق. بىز مۇسۇلمان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا تەشۋىق قىلىنىۋاتقىلى مىڭ يىل بولدى. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستە مەن يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ئوتتۇق قازىنىش، تەرەققىي قىلىش، بەختلىك كۈنگە ئىگە بولۇش توغرۇلۇق ھۆكۈملەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۆتمۈشتە مۇشۇ ھۆكۈم بويىچە يول تۇتۇپ ماڭغان ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئاجايىپ تارىخلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مۇشۇ ھۆكۈملەر بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدىغان بولساق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بىزمۇ ئاللاھ بۇيرۇسا شۇ تارىخنى بارلىققا كەلتۈرەلەيمىز. شۇڭا بىزنىڭ ئىسلام دىنىدىن رەنجىشكە، مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزدىن ئەپسۇسلىنىشقا قىلچە ئاساسىمىز يوق. بىزگە بىردىنبىر چىقىش يولى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈپ، تىرىشچان، ئەمەلىيەتچان بولۇپ، بىلىم - تېخنىكا، ئەقىلدىن ئىبارەت سۇدا ئاقمايدىغان، ئوتتا كۆيمەيدىغان، ئوغرى ئالالمايدىغان چوڭ بايلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئاللاھ ھەممىمىزنى بىلىملىك، تىرىشچان، ئىقتىسادچان بولۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ھاللىق سەۋىيىگە تېزراق يېتىش ئارقىلىق بەختكە ئېرىشىشكە نېسىپ قىلغاي - ئامىن!

( ئاپتور: ئاقسۇ شەھەر لەنگەر چوڭ خانىقاسىنىڭ ئىمامى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

بۇ سان ئۇيغۇر سوفت «ئەلكاتىپ 3.9» نۇسخىسىدا تىزىلىپ بەت ياسالدى ۋە «ئەلكوررېكتور 4.9»دا كوررېكتورلۇق قىلىندى.
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

# ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكلىرى


شېرىن قۇربان

## 1. ئېلىمىزدىكى تاجىكلار

ئېلىمىز تاجىكلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدىكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا، پارلاق مىللىي مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمكى مىللەتلەردىن بىرى. ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە ئولتۇراقلاشقان، ئاز بىر قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پوسكام، يەكەن، قاغىلىق ناھىيىلىرى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسى ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىگە تارقالغان. يۇقىرىقى ناھىيىلەر (قاغىلىقتىن باشقىسى) دە تاجىك مىللىي يېزىسى تەسىس قىلىنغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2002-يىلدىكى نوپۇس مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ نوپۇسى 40مىڭ 716كىشى بولۇپ، بۇنىڭدىن 27مىڭ 163كىشى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ياشايدۇ.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستان بىلەن چېگرىلىنىپ ئېلىمىزدە قۇرۇقلۇقتا كۆپ دۆلەت بىلەن چېگرىداش بىردىنبىر ناھىيە ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە مەشھۇر قونجىراپ چېگرا ئېغىزى بىلەن قاراسۇ چېگرا ئېغىزى بار. ئىرق جەھەتتە ئېلىمىز تاجىكلىرى تىپىك ياۋروپا ئىرقى (ئاق تەنلىكلەر تىپى) غا تەۋە.

تىل جەھەتتە تاجىك تىلى ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى ئىران تىلى گۇرۇپپىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىللىرى تارمىقىغا كىرىپ، ئادەتتە پامىر تىللىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئېلىمىز تاجىكلىرى سەرىكۆي تىلى بىلەن ۋاخان تىلىدا سۆزلىشىدۇ. بۇ ئىككى تىل (دىئالېكت) ئومۇمىي تاجىك تىلىنىڭ ئىككى خىل



تارمىقى بولۇپ، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن قەدىمكى شىنجاڭ رايونىدىكى ساك تىلى، سوغدى تىلى ۋە توخرى تىلى بىلەن مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە، شۇ سەۋەبلىك، تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ھايات قالغان ساك تىلى دەپ تەرىپلەنمەكتە.

دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە، ئېلىمىز تاجىكلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپى ئىچىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

## 2. ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە كىرىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

جۇڭگو تاجىكلىرى ئېلىمىزدىكى مۇسۇلمان مىللەتلىرى ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئەڭ بالدۇر كىرگەن

مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مەزھەپ جەھەتتە ئىسلام دىنىدىكى سۈننىي ۋە شىئەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى بولغان شىئە مەزھىپىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى — ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئېلىمىز تاجىكلىرى دۆلىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەردىن پەرقلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاجىكلارنىڭ چوڭ گەۋدىسى بولغان تۈزلەڭلىك تاجىكلىرى* دىنمۇ پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى شۇكى، پۈتكۈل پامىر تاجىكلىرى، جۈملىدىن ئېلىمىز تاجىكلىرى مەشھۇر ئىسمائىلىيە پەيلاسوپى ۋە شائىرى ناسىر خىسراۋ قەبۇدىيانى( مىلادىيەنىڭ 1004 - 1088 - يىللار)نىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە كىرگەن. ناسىر خىسراۋ ئەسلىدە ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ قەبۇدىيان دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئافغانىستاننىڭ بەلخ شەھرى (قەدىمكى دەۋرلەردە باكتېرىيە دەپ ئاتىلاتتى)دە ئۇسۇپ يېتىلگەن. ئۇ كاتتا بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىق بولغاچقا، سالجۇق تۈرك سۇلالىسىنىڭ ئوردا كاتىپى، خەزىنىچىسى ۋە ئوردا ۋەزىرى بولغان. كېيىن مىسىرگە زىيارەتكە بېرىپ، ئىسمائىلىيە فاتىمە خانىدانلىقىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە كىرىپ، مەزكۇر مەزھەپنىڭ ئەڭ ئاكتىپ تەرغىباتچىسى بولغان. ئۇنىڭ بىلىمى مول، ناتىقلىق سەنئىتى يۇقىرى بولغاچقا، تەسىرى كۈنسېرى زورايغان. شۇڭا ئىسلام روھانىيلىرى ۋە سالجۇقلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. سۇيىقەست ۋە قەتلى قىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ناسىر خىسراۋ بىر تۇغقان ئىنىسى ئەبۇ سەئىد بىلەن خىلۋەت پامىر كوھىستانلىقىغا كېلىپ، پامىر تاجىكلىرى ئارىسىدا ئەمىن تېپىپ، ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئەقىدىلىرىنى تارقاتقان. نەتىجىدە پامىر تاغلىق تاجىكلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئېتىقادىغا ئۆتكەن. ناسىر خىسراۋ ھازىرمۇ ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا ”پىرى شاھ ناسىر خىسراۋ“ دەپ ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەتلىنىدۇ. تاجىكلارنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئادىتىدە ئۆلگۈچى يەرلىككە قويۇلغان كۈنى ئاخشىمى چىراغ ياندۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۆلگۈچىنى باقىي دۇنياغا ئۇزىتىش مۇراسىمى بولغان سۈرلۈك سورۇندا ناسىر خىسراۋ يېزىپ قالدۇرغان ”تەكبىرى چىراغنامە“ ناملىق دەستۇر خەلپە تەرىپىدىن ئاھاڭدار قىرائەت قىلىنىدۇ. بۇ دەستۇردا، ناسىر خىسراۋ ”ھۆججىتى مۇستەئند“، ”رەھمەتى مۇستەنسىر“، ”كوھىستاننىڭ پۇشتى - پاناھى“، ”روھى كالامى“ دەپ تەرىپلىنىدۇ. ھەتتا ھەر بىر دۇئادا ناسىر خىسراۋنىڭ نامى ھۆججەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىسمائىلىيە مۇرىتلىرى ئارىسىدا ناسىر خىسراۋنىڭ تەسىرى شۇنچىلىك كۈچلۈككى، ئۇلار ھەر دەمدە ”ياپىرى دەستىگىر“( ياپىرىم، قولۇمدىن تۇتۇپ مەدەت بەر) دېگىنىدە ھامان ناسىر خىسراۋنى نەزەردە تۇتىدۇ. ھەمدە ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ بۈيۈك روھىنى ئۆزى بىلەن ھەر دائىم بىللە دەپ ھېس قىلىشىدۇ. تاجىك دىيارلىرىدا قۇرئان كەرىم ئايەت - سۈرىلىرىدىن باشقا، دۇئا - فاتىھەلەرنىڭ ئاخىرىدا ناسىر خىسراۋنىڭ نامى ئاتىلىدۇ. دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ناسىر خىسراۋنىڭ ئەقىدە - تەلىماتلىرى يېتەكچى قىلىنىدۇ ياكى قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ «سەفەرنامە»، «رەۋشەننامە»، «چىراغنامە»، «نىكاھنامە» قاتارلىق كىتابلىرى ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، مۇقەددەس دەستۇر سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىدۇ.

### 3. ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخى

ئىسمائىلىيە مەزھىپى مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەلىپەرەسلەر( شىئەلەر)نىڭ 6 - ئىمامى جەئفەر سادىق( مىلادىيەنىڭ 703 - 765 - يىللار)ۋاپاتىدىن كېيىن رەسمىي شەكىللەنگەن. جەئفەر سادىق ئەسلىدە ھەزرىتى ئەلى( مىلادىيەنىڭ 600 - 661 - يىللار) نەسەبىدىن بولۇپ، مەدىنىدە تۇغۇلغان ۋە ئالەمدىن ئۆتكەن. جەئفەر سادىقنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى ئىسمائىل، كىچىكىنىڭ ئىسمى مۇسا كازىم ئىدى. جەئفەر سادىق دەسلەپتە ئىسمائىلنى ئىمام ۋارىسى دەپ

• دۇشەنبە، خوجەند، قورغان تۆپە، بۇخارا، سەمەرقەند، ھىرات، بەلخ ۋە كابۇل قاتارلىق تۈزلەڭ رايونلاردا ياشايدىغان تاجىكلار تۈزلەڭلىك تاجىكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

بەلگىلىگەنىدى. لېكىن كېيىن ئۇ مۇسا كازىمنى ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىشقا تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ بۇ قارارى شىئە مەزھىپى ئىچىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. بىر قىسىم شىئەچىلەر جەئفەر سادىقنىڭ مۇسا كازىم ئىمام ۋارىسى بولىدۇ دېگەن قارارىنى ھىمايە قىلىپ چىققان بولسا، بىر قىسىملار جەئفەر سادىقنىڭ ئەسلىدىكى قارارىنى ئۆزگەرتكەنلىكىگە قوشۇلماي، ئىسمائىلنىڭ ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىشىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلار: ”ھەزرىتى ئەلى جەمەتىدىن ئىمام بولىدىغانلارنى ئاللاھ ئۆزى بەلگىلەيدۇ، ئۇلارنى ئاللاھ ئۆز پاناھىدە ساقلايدۇ“دەپ قارايدۇ. مىلادىيەنىڭ 760-يىلى ئىسمائىل ئاتىسى جەئفەر سادىقتىن بەش يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. جەئفەر سادىق بىقىياس دەبدەبىلىك ماتەم ئۆتكۈزۈپ، ئىسمائىلنىڭ جەسىتىنى مەدىنىدىكى ئەڭ مەشھۇر مەسچىتكە قويىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ماھىيەتتە ئىسمائىلنىڭ ئىمام كەبى ئورنىدىن بەھرىمەن بولۇشى ئىدى. ئىسمائىل ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى ئەمدى تەبىئىي ھالدا مۇسا كازىمغا قالدى دەپ قارىغانىدى. لېكىن ئىسمائىل ھىمايىچىلىرى قوشۇلماي، ئىسمائىلنىڭ ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىش پىكرىدە چىڭ تۇردى. ئۇلار قۇرئاندىكى بەلگىلىمە بويىچە، تۆرەلمىدىكى بالىنىڭمۇ ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئىسمائىل ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ قارىدى. مىلادىيەنىڭ 765-يىلى جەئفەر سادىق ئالەمدىن ئۆتتى. ئەسلىدە ئىچكى ئىختىلاپى بار شىئە مەزھىپى ئەمدىلىكتە بۆلۈنۈشكە باشلاپ، كۆپ سانلىقلار مۇسا كازىمنى 7-ئىمام دەپ ئېلان قىلدى. ئۇلار تارىختا دەسلەپتە ”مۇساۋىيە مەزھىپى“دەپ، كېيىنچە ئېتىقاد قىلىدىغان ئىماملار سانىنىڭ 12 بولغانلىقىغا ئاساسەن، ”ئون ئىككى ئىمامچىلار“دەپ ئاتالدى. ئاز بىر قىسىم شىئەچىلەر ئىسمائىلنى 7-ئىمام دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا ئۇلار تارىختا ئۆزلىرىنى ئىمام دەپ ئېتىراپ قىلغان ئىسمائىلنىڭ مۇبارەك نامى بىلەن ”ئىسمائىلىيە مەزھىپى“دەپ ئاتالدى. ئىسمائىلچىلار ئۆزلىرىنىڭ ”ھەممە زات يەتتە بولىدۇ“دېگەن يەتتىلىك پەلسەپىسى بويىچە، ”ئىماممۇ يەتتە بولىدۇ، ئىسمائىل 7-ئىمام، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى ئىمام، ئۇ ئەبەدىي ئۆلمەيدۇ“ دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئۇلار ”يەتتە ئىمامچىلار مەزھىپى“دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىسمائىلىيە مەزھەپدىكىلەر دىنىي پائالىيەتلەردە يۈزەكى، شەكلەن ھادىسە ۋە شەرىئەتچىلىك - رەسمىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، نىيەت - باتىن ۋە سەممىي ئېتىقادنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئاشكارا مەنىسى ۋە يوشۇرۇن مەنىسى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاشكارا مەنىسىنى كۆپ كىشىلەر بىلگەن بىلەن ئۇنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى پەقەت ئىماملارلا بىلىدۇ ھەم ئۇنى شەرھلەپ بېرەلەيدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ”باتىن مەزھىپى“دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىسمائىلىيە مەزھەپدىكىلەر ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان خەلىپىلەرنىڭ خەلىپىلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى ئەلى، بىبى فاتىمەزەھرا، ئىمامى ھەسەن ئىبنى ئەلى، ئىمامى ھۈسەن ئىبنى ئەلى قاتارلىق بەش بۈيۈك شەخسنى بىر جەمەت - بىر نەسەبتىن دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارغا ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ”پەنج تەنلەر“(بەشچىلەر)دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۈننىيلەر مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن خەلىپىلىكتە ئولتۇرغان: ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلىدىن ئىبارەت تۆت خەلىپىنى قانۇنلۇق خەلىپىلەر دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئىسمائىلچىلار ئۇلارنى ”چاھارىيارى“ دەپ ئاتايدۇ. ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ ئۇلار بىراۋ بىلەن پاراڭلاشقاندا، قارشى تەرەپنىڭ ئېتىقادىنى سورىغاندا: ”سەن پەنج تەنمۇ ياكى چاھارىيارمۇ؟“دەپ سورايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى سەن ئىسمائىلىيمۇ ياكى سۈننىيمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت.

ھازىر ئىمام ئاغا ھۈسەيىن كەرىم مەزكۇر مەزھەپنىڭ 49-ئىمامى ھېسابلىنىدۇ. ئىسمائىلىيە مەزھىپى 25دۆلەتكە تارقالغان بولۇپ، 30مىليون مۇرىتى بار ئىكەن.

## 4. ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ ئىسمائىلىيە ئېتىقادىنىڭ مەزمۇنى

ئېتىقاد مەزمۇنى ۋە شەكلىدىن ئېيتقاندا، ئېلىمىز تاجىكلىرى مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالام(تەخمىنەن مىلادىيەنىڭ 570 - 632 - يىللار)نى ئەڭ شەپقەتلىك، مېھرىبان ۋە ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ تىلى، كائىناتنىڭ باشچىسى، بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ پەخرى، ئالەم خەلقىنىڭ شانۇ - شەرىپى، ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەر دەپ ھېسابلاش بىلەن بىرلىكتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭ كۈيئوغلى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ(600 - 661)نى قانۇنلۇق خەلىپە دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە «قۇرئان كەرىم»نى ئەڭ مۇقەددەس دەستۇر، ئىنسانلار سۆز - ھەرىكىتىنىڭ مىزانى دەپ ھېسابلاش بىلەن بىرلىكتە، ئەنئەنچىلەردىن پەرقلىق ھالدا قۇرئان كەرىمنىڭ ئاشكارا مەنىسى ۋە يوشۇرۇن مەنىسى بولىدۇ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى پەقەت ئىماملارلا چۈشىنەلەيدۇ ۋە شەرھلىيەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىلىمىز تاجىكلىرى بەش ۋاق ناماز ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئەتىگەنلىك ۋە كەچقۇرۇنلۇق ئىككى ۋاق نامازنى ئۆتەش پەرز، قالغان ئۈچ ۋاق نامازنى شارائىتقا قاراپ ئۆتىسە بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ناماز ئومۇمەن ئۆيدە ئوقۇلىدۇ. چوڭراق نامازلار(مەسىلەن قۇربان ھېيت نامىزى) تاجىكلارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولغان جامائەتخانىدا ئوقۇلىدۇ. ناماز ئوقۇغاندا ئومۇمەن تەسۋى ئىشلىتىلىدۇ. نامازنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى مۇھەممەد پەيغەمبەر، ھەزرىتى ئەلى، بىبى فاتىمە زەھرا، ئىمامى ھەسەن، ئىمامى ھۈسەن قاتارلىقلاردىن تارتىپ زامانىمىزدىكى ھازىر ئىمام ئاغاخان كەرىم ھۈسەيىنگىچە بولغان 49 ئىمامنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى مەدھىيىلىنىدۇ. ھەر بىر ئىمامنىڭ ئۇلۇغ نامى 101 قېتىم نۆۋەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. نامازدا ”يا مۇھەممەد، يا ئەلى“ كۆپرەك تەكرارلىنىدۇ.

## 5. ئىسمائىلىيە ئېتىقادىنىڭ تىلدىكى ئىپادىلىرى

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئەقىدە - تەرغىباتلىرى تاجىكلارنىڭ پۇتكۇل تۇرمۇشىغا، سۆز - ھەرىكىتىگە، ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدە - يوسۇنىغا سىڭىپ كەتكەن. كىشىلەر ئۆزئارا سالاملاشقاندا، خوشلاشقاندا، بىر - بىرىنى قۇتلۇقلاپ مۇبارەكلىگەندە، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ، ھېيت - ئايەم، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرار جاي، سەپەر - مەنزىل، تۇغۇت مۇبارەك، ئات قويۇش، دوست تۇتۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەنئەنىلىرىدە، ”يا مۇھەممەد، يا ئەلى“، ”ياپىرى دەستىگىر“، ”يا مەۋلانە ئەلى“، ”يا ئەلى مەدەت“، ”ئاللاھ ساڭا يار“، ”يا پەرۋەردىگارى مەۋلا“، ”مۇبارەكى كارى خەير“، ”ئاللاھ دەرگاھىدا ساقلىغاي“، ”ئاللاھ ئۆزى بار“، ”ئاللاھ گۇۋاھ“، ”ئاللاھ جاجىسىنى بەرگەي“، ”ئاللاھتىن باشقىسى بىكار“، ”ئاللاھ نېسىپ قىلغاي“، ”ئاللاھ بەرىكەت بەرگەي“، ”ھەرىكەت بەندىدىن، بەرىكەت خۇدادىن“، ”فەيز ئەز نەبى، كەرەم ئەز مەۋلا“، ”مۇبارەكى تىرەنداز“، ”توي خۇدانىڭ خەزىنىسى“، ”كېسەل باشقا، ئەجەل باشقا“، ”رىزىق خۇدادىن، ئامال بەندىدىن...“ دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ مۆمىن بەندىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشىدۇ. تاجىكلار ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە نۇر، سول تەرىپىدە شەيتان ئورۇن ئالغان بولىدۇ دەپ قارايدۇ ۋە ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئۆمرىدە قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن ياخشى ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى نۇرنىڭ توغرا يولغا باشلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ ھېسابلىسا، ئەسكى ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى شەيتان ۋەسۋەسىسىدىن بولغان دەپ قارايدۇ، بۇلار توغرىسىدىكى ھېساب - كىتابلار ئاخىرەت سوراقخانىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ.

## 6. تاجىكلارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنى — جامائەتخانا

تاجىكلارنىڭ چوڭ - چوڭ دىنىي پائالىيەتلىرى بىردەك دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولغان جامائەتخانىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە ھەر بىر يېزا - كەنتلەردە جامائەتخانا سېلىنغان بولىدۇ. جامائەتخانىنىڭ قۇرۇلمىسى مەسچىتلەرگە ئانچە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىمام تۇرىدىغان مېھراب بولمايدۇ. پەقەت قىبلە تەرەپتىكى تامغا ئىمامنىڭ رەسىمىنى ئاسىدىغان تەكچە ياكى ئويۇق چىقىرىلىدۇ. بەزى جامائەتخانىلاردا ئاياللار مەخسۇس ناماز ئوقۇيدىغان ئۆي - خانىلار بولىدۇ. بۇ ئۆي - خانىلار ئەرلەرنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان ئۆيلىرىدىن پەنجىرىلەر ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

تاجىكلارنىڭ جامائەتخانىلىرى نىسبەتەن چوڭ بولۇپ، ئۇلار نوقۇل ناماز ئوقۇيدىغان سورۇنلا بولۇپ قالماستىن، يەنى ئىسمائىلىيە مۇرىتلىرى تۈنەك ئۆتكۈزىدىغان، ھېيت - ئايەم نامىزىنى ئوقۇيدىغان سورۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ(ئىلگىرى جامائەتخانىلاردا كىچىك باللار يىغىلىپ ئوقۇيتتى). تۈنەك كېچىلىرىدە جامائەتخانىلاردا ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ھەمدۇ - سانا ئوقۇلىدۇ، چوڭراق جامائەتخانىلاردا كۆپلىگەن ھۇجرا - خانىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە مۇساپىر بولۇپ كەلگەن مۇرىتلارغا غىزا - تائام بېرىلىدۇ.

جامائەتخانىنىڭ چىقىم - خىراجەتلىرى ھېيت - ئايەملەر ۋە باشقا نامازلاردا مۇرىتلار ئىئانە قىلغان پۇل - پۇچەك ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەردىن كېلىدۇ. بۇ خىل ئىئانىنىڭ مۇقىم سانى بولمايدۇ. جامائەتخانىلاردا پەقەت ئىسمائىلىيە مۇرىتلىرىلا پائالىيەت ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر غەيرى مەزھەپتىكى بىچارە - غېرىب، يېتىم - يېسىرلار كەلسە خەير - ساخاۋەتكە ئېرىشىدۇ.

## 7. تاجىكلاردا ھەج ۋە تاۋاپ

تاجىكلاردا ھەج - تاۋاپ قىلىش ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى مەككىگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىش، يەنە بىرى ھازىر ئىمامنى تاۋاپ قىلىپ، ئۇنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈش، ئۇنىڭدىن پەرمان ئېلىش. مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش پەرز جۈملىسىدىن ھېسابلىنىپ، ھاجى ھېسابلىنىدۇ. ئىسمائىلىيە پىرخانىسىغا بېرىپ، ھازىر ئىمامنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن مۇبارەكى پەرمان ئېلىپ كېلىشمۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئىش قاتارىدا ھېسابلىنىپ، مۇشۇنداق قىلالىغان كىشىمۇ ھاجى دەپ ئاتىلىپ، بەختلىك كىشى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە بۇ ئىككى خىل ھەج - تاۋاپ ئىچىدە ھەرەمگە بېرىپ بەيتۇللانى زىيارەت قىلىشنى زاھىرى ھەج، ھازىر ئىمامنى تاۋاپ قىلىشنى باتىنى ھەج دەپ قارايدۇ. ھەر ئىككى ھەجنى بەجا قىلالىغان كىشىلەر بۇ ئالەم، ئۇ ئالەمدىكى ئەڭ بەختلىك ئىنسان ھېسابلىنىپ، خەلق ئىچىدە ”ھاجى“دەپلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ بەختلىك كىشى دەپ يۈكسەك ھۆرمەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئىسمائىلىيە مۇرىتلىرى بۇرۇن ھىندىستاننىڭ بومباي شەھرىگە بېرىپ، ئىسمائىلىيە پىرخانىسىدا ئاغاخاننى تاۋاپ قىلاتتى، ئۇنىڭدىن مۇبارەكى پەرماننى ئېلىپ كېلەتتى.

## 8. دىنىي سېلىق— سەركارى ۋە دەرۋىزە

ئىسمائىلىيە مەزھىپىدە ئىككى خىل دىنىي سېلىق بار. ئۇنىڭ بىرى ”سەركارى“، يەنە بىرى ”دەرۋىزە“ دەپ ئاتىلىدۇ. سەركارىنىڭ تاجىك تىلىدىكى مەنىسى ”چوڭ ئىشلار خىراجىتى“ ياكى ”باشلام ئىش خىراجىتى“ دېگەندىن ئىبارەت. سەركارى بېرىش ھەر بىر مۇرىتنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ھەر بىر مۇرىت ئۆز كىرىمىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى سەركارى قىلىش كېرەك. بۇ ئەمەلىيەتتە ئاللاھ يولىغا سەدىقە قىلىش جۈملىسىگە كىرىدۇ. سەركارىنى ھەر قايسى جايلاردىكى سەئىد - خوجىلار يىلدا بىر قېتىم ھەر بىر ئائىلىگە بېرىپ، پاتىھە ئوقۇپ، يىغىپ توپلايدۇ. ئاندىن ئۇنى سان - سىپىرى بويىچە ئىمام تۇرۇشلۇق پىرخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. سەركارى قىلىنغان ماددىي بۇيۇملار ياكى پۇل - پۇچەكلەر ئومۇمەن دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ خىراجىتى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسمى مەكتەپ، دوختۇرخانا، جامائەتخانا سېلىشقا، يەنە بىر قىسمى بولسا يېتىم - يېسىرلار، مۇساپىر بىچارىلەرگە خەير - ساخاۋەت قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

”دەرۋىزە“مۇ بىر خىل دىنىي سېلىق بولۇپ، ئۇ يەرلىك دىنىي پائالىيەتلەر ئۈچۈن چىقىم قىلىنىدۇ. ئۇنىمۇ ھەر قايسى جايلاردىكى سەئىد - خوجىلار يىغىپ، مۇناسىۋەتلىك دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ خىراجىتى قىلىپ ئىشلىتىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، سەركارى بىر قەدەر ئالىي دىنىي سېلىق بولۇپ، ئۇ بىردەك ئىمامغا تاپشۇرۇلىدۇ. دەرۋىزە بولسا يەرلىك دىنىي سېلىق بولۇپ، ئۇنى سەئىد - خوجىلار ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمىغانلىقتىن، ھەر بىر ئائىلە ئۆشرە - زاكات قىلغاندا، ئۆزى تاپشۇرغان سېلىقنىڭ سەركارى ياكى دەرۋىزە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىش كېرەك. سەئىد - خوجىلارمۇ ئايرىم - ئايرىم تىزىملايدۇ. ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە، ئارا يولدا خىيانەت

قىلىشقا بولمايدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك، سەئىد- خوجىلارمۇ بۇ ئىككى خىل دىنىي سېلىقنى يىغقاندا، ئارىلىشىپ كېتىشتىن بەك ئېھتىيات قىلىدۇ.

## 9. تاجىكلاردا مازار تاۋاپچىلىقى

مازار تاۋاپچىلىقى ئىسمائىلىيە مەزھىپى پائالىيەتلىرىدە مۇھىم بىر دىنىي پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇزاق تارىخلاردىن بۇيان، ئىسمائىلىيە مۇرىتلىرى ئۆز مەزھىپى تارىخىدىكى مەشھۇر پائالىيەتچىلەرنى ئەسلەش- خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاتاپ مازارلارنى بىنا قىلغان ھەم بۇ مازارلارنى مۇقەددەس زىيارەتگاھ قىلىپ، قارارلىق تاۋاپ قىلىدىغان جايغا ئايلاندۇرغان. تاشقورغان رايونىدا نېمە كۆپ دېسە بىرى تاغ كۆپ، بىرى مازار كۆپ. بۇ مازارلارنىڭ بىر قىسمى ئەۋلىيا- ئەنبىيالارنىڭ ئاخىرەتگاھلىرى بولسا، بىر قىسمىلىرى ئۇلۇغلار قەدەمگاھلىرى. بۇلار توغرۇلۇق تاجىكلار ئارىسىدا رەڭگارەڭ قىزىقارلىق ھېكايە- رىۋايەتلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. تاشقورغان رايونىدىكى مازارلاردىن مازار قويچىلىق فېرمىسىدىكى سەئىد ھەسەن مازىرى ۋە رىشدىي يېزا قۇزغۇن كەنتىدىكى ئەمىر بىنىنى ئەمزە مازىرى، تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى شاھ ئەۋلىيا مازىرى، بەلدىر يېزىسى شىندىي كەنتىدىكى ئۆمەر مەئدى كەرب مازىرى، تىزناپ يېزىدىكى تال مازار، لەڭگەر مازىرى، سەۋزى پۇشت مازىرى، داتۇڭ يېزىسىدىكى بەمافىلى ۋەلى مازىرى ۋە بەمافىلى مۇجەررەد مازىرى قاتارلىقلار بار.

تاجىكلاردا مازار تاۋاپچىلىقى ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى تاشقورغاننىڭ زەرەپشان دەرياسى ساھىلىدىكى بەمافىلى ۋەلى ۋە بەمافىلى مۇجەررەد مازىرىدىكى شەيخلەر بۇ مازارلاردىكى "تۇغ شەددە"نى كۆتۈرۈپ يۇرتمۇيۇرت ئايلىنىدۇ. ئۇلار قەيەرگە بارسا، شۇ يەردىكى خەلقلەر "تۇغ شەددە"نى تاۋاپ قىلىپ، ئازدۇر- كۆپتۇر سەدىقە قىلىدۇ. بۇ ئۆز جايىدا تاۋاپ قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە ئېغىرراق ئاغرىق- سىلاق كۆرۈلسە ياكى كۈتۈلمىگەن بالايىئاپەت يۈز بەرسە، شۇ ئائىلە مال سويۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى مازارلىققا بېرىپ، ئەۋلىيا- ئەنبىيالارنىڭ ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، كەلگەن بالا- قازادىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلتىجا قىلىدۇ. بۇ خىل تاۋاپنىڭ ۋاقتى قارارسىز بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا كىشىلەر سەپەردە مازارلاردىن ئۆتكەندە، دۇئا- تىلاۋەت قىلىپ، پۇل- پۈچەك ياكى قەنت- گېزەك چىقىرىپ سەدىقە قىلىدۇ ۋە باشقىلار.

## 10. تاجىكلار ئېتىقادىدىكى پەرز ۋە پەرھىزلەر

دىنىي ئېتىقاد، مىللىي ئۆرپ- ئادەت ۋە تۇرلۇك قائىدە- يوسۇنلار تۈپەيلىدىن، تاجىكلارنىڭ يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك، تۇرار جاي، سەپەر- مەنزىل، مېھماندارچىلىق، كۆرۈشۈش، سالاملىشىش، خوشلىشىش، توي- تۆكۈن، ئۆلۈم- يېتىم، نەزىر- چىراغ، ھېيت- ئايەم، ئائىلە- نىكاھ، بالا تەربىيىلەش، مىراس تەقسىماتى، دوست تۇتۇش، باردى- كەلدى، ئېلىم- بېرىم ۋە باشقا تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن قائىدە يوسۇنلىرىدا بىر مۇنچە پەرز ۋە پەرھىزلەر شەكىللىنىپ، بۇلار بىر خىل ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانى سۈپىتىدە رول ئويناپ كەلمەكتە:

1. ئاتا- ئانا تېخى ھايات مەزگىلىدە، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆي ئايرىپ چىقىشى مەنئى قىلىنغان. چۈنكى پەرزەنت بولغۇچىنىڭ ئەڭ بۈيۈك بۇرچى ئاتا- ئانىسىنى بېقىش، ئاسراش، ئۇلارنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش. كىمكى بۇ بۇرچىنى ئادا قىلمىسا، "بىۋاپا بالا" نامىغا قېلىپ، خەلقنىڭ لەنەت- قارغىشىغا ئۇچرايدۇ.

2. بالا يەتتە- سەككىز ياشلارغا كىرگەندە سۈننەتنى قىلىش، بالاغەتكە يەتكەندە تويىنى قىلىش ئاتا- ئانىنىڭ بۇرچى، پەرزى ۋە قەرزى ھېسابلىنىدۇ.

3. يېتىم- يېسىر ۋە غېرىب- بىچارىلەرنىڭ ھەققىنى يېيىش چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارغا خەير- ساخاۋەت قىلىش پەرز جۈملىسىگە كىرىدۇ.

4. زىناخورلۇق گۇناھتۇر. بولۇپمۇ ئۇرۇق- تۇغقان، قۇدا- باجا، دوست- يارەنلەر ئارىسىدا زىنا قىلىش بەتنىيەتلىك ۋە قارا يۈزلۈك ھېسابلىنىپ، ھەممە ئادەم ئۇنداق كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەيدۇ.

5. بىر ئانىنىڭ سۈتىنى ئەمگەن باللار، ھەتتا

يات ئادەمنىڭ بالىلىرى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر ئانىنىڭ سۈتىنى ئەمگەن بولسا، ئۇلار ئوخشاشلا قېرىنداشلار ھېسابلىنىپ، ئۇلارنى چېتىپ تويىنى قىلىشقا بولمايدۇ.

6. ھېيت - ئايەم ۋە ئۆلۈم نامازلىرىغا ئايال، قىزلارنىڭ قاتنىشىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

7. ئايال، قىزلارنىڭ چېچى چۇۋۇلغان ھالەتتە يۈرۈش - تۇرۇشى مەنئى قىلىنىدۇ.

8. قىبلە تەرەپكە قاراپ يېتىشقا، ئۇخلاشقا بولمايدۇ. پەقەت ئادەم ئۆلگەن چاغدىلا يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ يەرلىككە قويۇشقا بولىدۇ.

9. تاجىك ئەقىدىلىرىدە، چارشەنبە كۈنى دۇنيا بىنا بولغان كۈن دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا چارشەنبە كۈنى تۇپراققا تېگىش مەنئى قىلىنغان، ئۆلگۈچىنى بۇ كۈندە يەرلىككە قويۇشقا بولمايدۇ. چارشەنبە كۈنى يەنە كىر - قات يۇيۇشقا، چاچ يۇيۇشقا، قۇلۇم - قوشنىلار ئارا سۈت، تۇز بېرىشكە بولمايدۇ.

10. جۈمە كۈنى يەرلىككە قويۇلغان كىشى ئەڭ بەختلىك ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە بۇ كۈن ”باقىي دۇنيا سەپەر كۈنى“ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا جۈمە كۈنى سەپەرگە چىقىشقا، ئۆي كۆچۈشكە بولمايدۇ.

11. سەپەرگە چىققۇچى كىشى يولغا چىقىدىغان چاغدا، ئۆيگە كەلگەن مېھمان تېخى قوزغالمىغاندا، ئۆينى تازىلاشقا، چاڭ - توزان چىقىرىشقا بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلىنسا، يامانلىق تىلەش ھېسابلىنىدۇ.

12. تۇز تاجىكلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ پاك، ئەڭ ساپ نەرسە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، تۇزنى دەسسەشكە، تۇز ئۈستىدە چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىشقا، تۇزنى خارلاشقا بولمايدۇ. كىم تۇزنى خارلىسا، كۆزى كور بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

13. ئۆرە تۇرۇپ ھاجەت قىلىش، ئۆرە تۇرۇپ غىزالىنىشمۇ يامان ھەرىكەت، بەتقىلىق دەپ قارىلىدۇ.

14. يالاڭئاياغ قازان بېشىغا چىقىش بىشەملىك بولىدۇ. يالاڭئاياغ قازان بېشىغا چىققاندا، نازۇ - نېمەت ھارام بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

15. ئاتنىڭ كۆچى ھالال. شۇڭا تاجىكلار ئاتنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ، قىمىزنى ئىچمەيدۇ.

16. ھالال مالنىڭ بوغۇزلانمىغانلىرىنىڭ گۆشىمۇ ھارام گۆش ھېسابلىنىپ، بۇنداق مالنىڭ گۆشىنى يېيىش مەنئى قىلىنغان.

17. تاجىكلارنىڭ قارىشىدا، كۆشىگۈچى ھايۋانلار ھالال، كۆشىمىگۈچى ھايۋانلار ھارام ھېسابلىنىپ، كۆشىگۈچى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېگۈلۈك، كۆشىمىگۈچى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمىگۈلۈك.

18. تاجىكلارنىڭ نەزىرىدە، ئادەم ئۆلتۈرۈش كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. قان قەرزى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئەڭ چوڭ قەرز دەپ قارىلىدۇ.

19. ”سەركارى“ بىلەن ”دەرۋىزە“دىن ئىبارەت ئىككى خىل دىنىي سېلىقنى تاپشۇرۇش پەرز جۈملىسىگە كىرسە، تاپشۇرماسلىق گۇناھ دائىرىسىگە كىرىدۇ.

## 11. تاجىكلاردا دىنىي خادىملار ۋە ئۇلارنىڭ رولى

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئۆزىگە خاس دىنىي خادىملىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇتقان ئورنى، خىزمىتى ۋە ئوينايدىغان رولى ئوخشاش بولمايدۇ.

”ئىمام“دىنىي داھىيلارغا قارىتىلىدۇ. ئادەتتە ئىمام جەزمەن ھەزرىتى ئەلى نەسەبىدىن بولىدۇ. ئىسمائىلىيە مەزھىپىدە ھەزرىتى ئەلىدىن باشلاپ ھازىرقى ئاغا كەرىم ھۈسەيىنگە قەدەر جەمئىي 49ئىمام بار. ئۇلار خەلق ئىچىدە ”ھايات ئىگەم“ دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.

”مۇكى“— بىر خىل ئالىي دىنىي ئۇنۋان ياكى دىنىي ھوقۇق بولۇپ، ئۇنى ھازىر ئىمام بېرىدۇ ياكى تەيىنلەيدۇ. ئۇنىڭدا مۇرىت قوبۇل قىلىش ھوقۇقى، دىنىي ئىئانە يىغىش ھوقۇقى، ئىمامنىڭ پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. بارلىق مۇرىتلار ”مۇكى“ نى پىر دەپ ھۆرمەتلەيدۇ. ئېلىمىز تاجىكلىرى ئىچىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، سەئىد مەۋلا بەخش، سەئىد ئاسىق دىنشاھ، سەئىد ياقۇتشاھ، سەئىد ئەبۇ سەئىدخان، خان ئېيشان قاتارلىق بىرقانچە كىشى ئاغاخان تەرىپىدىن ”مۇكى“لىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، سەئىدلەر، خوجىلار، ئەلەملەر، خەلپىلەر، قازىلارمۇ بار بولۇپ، بۇلار ئاساسەن تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەر، ھېيت - ئايەم نامازلىرى، نىكاھ، نەزىر - چىراغ رەسمىيەتلىرىنى

ئۆتەيدۇ ۋە مۇناسىپ سەدىقىگە ئېرىشىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تاجىكلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد مەزمۇنىدا يەنە بومباي، شىنگان دۇلدۇلى، ئاغا قەدەمگاھى، قوغۇشلۇق گېلگېت بۇلىقى قاتارلىق مۇقەددەس جايلار؛ ھەزرىتى ئەلىدىن تارتىپ تا ھازىرقى دەۋرگە قەدەر مەيدانغا كەلگەن مەشھۇر شەخسلەر؛ «قۇرئان كەرىم»، رۇمىنىڭ «مەسنەۋى شەرىف» كىتابى، ناسىر خىسراۋنىڭ «سەفەرنامە»، «نىكاھنامە»، «تەكبىرى چىراغنامە» ئەسەرلىرى قاتارلىق دەستۇرلار؛ دىنىي ھېيت - ئايەملەردىن قۇربان ھېيت، روزى ھېيت قاتارلىقلار؛ ئاغرىق - سىلاقلارنى داۋالايدىغان دىنى داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن ”دۇئالىق سۇ“، ”دۇئالىق ئىسرىق“، ”دۇئالىق تۇمار“ قاتارلىقلار بار.

ئومۇمەن، تاجىكلارنىڭ دىنى ئېتىقاد مەزمۇنى ۋە شەكلى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ مىللىي ئۆرپ - ئادەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، تاجىكلارنىڭ دىن مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن.

(ئاپتور:شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئەرەب مىللىي مۇزىكانتى — ۋەھاب

مۇھەممەد ئابدۇللا ئىبنى ۋەھاب ئەرەب مۇزىكا مۇنبىرىدە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك دەۋر سۈرگەن ئاتاقلىق مۇزىكانت. ئۇ ئۆمرىدە 1800 دىن ئارتۇق مۇزىكا ئىجاد قىلغان. ئۇ ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىسىنى غەربنىڭ زامانىۋى مۇزىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئالاھىدە ئۇسلۇبتىكى ئەرەب ھازىرقى زامان مۇزىكىسىنى ياراتقان. ئۇ مىسىر دۆلەت شېئىرىنىڭ مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن. ئۇ ئىجاد قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى 60 نەچچە ناخشا ئەرەبلەرنىڭ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۆرەشلىرىدە كىشىلەر روھىنى ئۇرغۇتقان. ئۇ ئەرەب خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئىجاد قىلىشقا ماھىر. ئۇ ھەم ناخشا ئېيتالايدۇ ھەم ساز چالالايدۇ. ئۆز ئۆمرىدە يەتتە مۇزىكىلىق فىلىمدا باش رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالغان.

مۇھەممەد ئابدۇللا ئىبنى ۋەھاب 1901-يىلى قاھىرەدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىنلا شېئىر يېزىشنى، ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرەتتى ۋە بازاردىكى سېتىقچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىرىغان ھەر خىل ئاۋازلىرىنى دورايتتى. ئۇ توققۇز ياشتىلا ناخشا ئېيتىشقا باشلىغان. دەسلەپتە كىچىك مۇزىكا ئۆمىكىدە ناخشىچى بولغان. كېيىن قاھىرەدىكى شەرق مۇزىكا ئىنستىتۇتىدا ھەر خىل ئەرەب مۇزىكىلىرىنى ھەم غەربنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىش ۋە مۇزىكا ئىجاد قىلىش تالانتىنى جەمئىيەت ئېتىراپ قىلىشقا باشلىغان.

ئۇ مىسىر بويىچە ئالىي سەنئەت شەرەپ مۇكاپاتى مېدالىغا ئېرىشكەن. سۈرىيە ، ئىئوردانىيە قاتارلىق بەش ئەرەب دۆلىتىنىڭ مۇزىكا مۇكاپاتىغا، فرانسىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق ئەللەرنىڭ سەنئەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئاخىرقى ھاياتى مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن ئۆتكەن. ئۇ ئەرەبلەرنىڭ زامانىۋى مۇزىكىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش يولىدا ھارماي-تالماي ئىزدەنگەن. 1990-يىلى ئىجاد قىلغان «نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمەيمەن» دېگەن مۇزىكا ئوتتۇرا شەرق رايونىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى سائىتىدىمۇ مۇشۇ ناخشىنى ئاڭلىغان. مۇھەممەد ئابدۇللا ئىبنى ۋەھاب ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىدا كۆز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىجادىيىتىنى توختاتمىغان.

ئۇ 1991-يىلى 5-ئاينىڭ 4-كۈنى سەھەردە قاھىرەدە 90 يېشىدا ۋاپات بولدى. مىسىر زۇڭتۇڭى مۇبارەك بۇ مىللىي مۇزىكانتنى— ئەرەب دۇنياسىنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئاتاقلىق كومپوزىتورىنى ياد ئېتىش ۋە ئۇنى مەدھىيىلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەربىي ئەربابلار قاتارىدا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئەرەب ئەللىرى، بولۇپمۇ مىسىر خەلقى بۇ داڭلىق مۇزىكانتنى ھازىرمۇ چوڭقۇر ياد ئېتىدۇ.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد تەييارلىغان)

## رامىزاننىڭ مەنىۋى مۇھىتى

مۇبارەك رامىزان ئېيى مەنىۋىيەت ۋە خۇشاللىق ئىقلىمىنىڭ ئەڭ بەرىكەتلىك ۋاقتى: بىرلىك، باراۋەرلىك، ئىجتىمائىي ياردەم ۋە ئۆزئارا تونۇشۇش بۇ جەمئىيەت ھاياتىدا دەۋر سۈرىدىغان بىر ئايدۇر. قۇرئان كەرىمدە زىكرى قىلىنغانىدەك، مىڭ ئايدىنمۇ ئارتۇقراق (خاسىيەتلىك) بولغان قەدىر كېچىسى كېلىدىغان، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلىپ، دوزاخ ئىشىكلىرىنىڭ تاقىلىدىغانلىقىدىن ۋە شەيتاننىڭ زەنجىر بىلەن باغلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن بۇ مۇبارەك ئاي باشقا ئاي ۋە ۋاقىتلارغا قارىغاندا بىزنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا ناھايىتى مۇھىم ۋە قىممەتلىك بىر ئايدۇر.

ئىنسانلىق ئۇيۇقلىرىنى قارايتىدىغان بىلىمسىزلىك، زالالەت، زۇلۇم ۋە شەھۋەت بۇلۇتلىرى ھەر تەرەپنى قاپلىغان جاھىلىيەت دەۋرىدە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ھىدايەت يولىغا باشلىغۇچى قۇرئان كەرىم مۇشۇ مۇبارەك ئايدا نازىل بولۇشقا باشلىغان. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە(يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ... —— سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 185 ـ ئايەت.

بۇ مۇبارەك ئايدا قۇرئان كەرىمنى مەنىسى بىلەن چۈشىنىپ تۇرۇپ بىر ئۆتكۈزۈش كىشىگە پىكىر ـ چۈشەنچە روشەنلىكى ۋە كۆڭۈل ھوزۇرى بەخش ئېتىدۇ. ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىش ئۈمىدى بىلەن تۇتۇلغان روزا، نامرات بىچارىلەرگە بېرىلگەن زاكات ۋە سەدىقە ـ پىترىلەر ھەمدە جامە ـ مەسچىتلەردە جامائەت بولۇپ ئوقۇلىدىغان تەراۋىھ نامىزى مۆمىنلەرگە مەنىۋىيەت ھوزۇرى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەخلاق ۋە ئىنسانىي قىممەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، يۈكسىلىشى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلىق، گۈزەللىك ئېكى كۆچىيىدىغان بۇ مۇبارەك ئاي خۇشاللىق ۋە مۇھەببەت ئىچىدە قۇتلۇقلىنىشى كېرەك.

## سۇھۇر ۋە ئىپتارنىڭ پەزىلىتى

سۇھۇر: ئىمساك ۋاقتىدىن ئاۋۋال قوپۇپ يېيىلىدىغان تائامنىڭ ئاتىلىشىدۇر. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:" سۇھۇرلۇق يەڭلار، چۈنكى سۇھۇرلۇقتا بەرىكەت باردۇر" (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان) دەپ، رامىزان كېچىلىرىدە سۇھۇر ۋاقتىدا قوپۇشىمىزنى تەۋسىيە قىلغان. رامىزان ئېيىدا روزا تۇتماقچى بولغان كىشىنىڭ ئىمساك ۋاقتىدىن ئاۋۋال سۇھۇرلۇق يېيىشى مۇستەھەبتۇر.

دۇئالار قوبۇل بولىدىغان ۋاقىتلاردىن بىرىمۇ رامىزان كېچىلىرىدىكى سۇھۇر ۋاقتىدۇر. روزا تۇتقۇچى سۇھۇر ۋاقتىدا ئورنىدىن تۇرغىنىدا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىشى، كېچە ۋە كۈندۈزدە مۇمكىنقەدەر قۇرئان ئوقۇشى، ئاللاھنى زىكرى قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ـ سالام يوللاش بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەك. روزىدار كىشى يەنە قۇرۇق، بىھۇدە گەپلەردىن، غەيۋەتتىن ساقلىنىشى لازىم.


ئىپتار: ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن پەرز ياكى نەپلە روزا تۇتقان بىر مۇسۇلماننىڭ كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئېغىزىنى ئېچىش ئۈچۈن يەيدىغان تائامنىڭ ئاتىلىشىدۇر. ئىپتار ۋاقتى دۇئا قوبۇل بولىدىغان مۇبارەك بىر ۋاقىتتۇر. مۇسۇلمانلار ھېس قىلغان سۆيۈنۈش، ئاللاھ خالىسا ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان جەننەت نېمەتلىرى ۋە چەكسىز خۇشاللىقنىڭ بىر خەۋەرچىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىپتارنىڭ مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ "روزىدارنىڭ ئىككى خۇشاللىقى باردۇر:بىرى ئىپتار قىلغاندا، يەنە بىرى ئاللاھقا مۇلاقات بولغاندا" (مۇسلىم توپلىغان) دېگەن. ئىپتاردا كەمبەغەللەر، قوشنىلار ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھەمداستىخان بولۇشىمۇ چوڭ بىر خۇشاللىق ۋەسىلىسىدۇر.

خۇلاسە كالام، روزىمىزنى روزىنىڭ شەرتلىرىگە رىئايە قىلىپ، ھەم سۇھۇرى ھەم ئىپتارى بولغان ھالەتتە تۇتۇشىمىزنىڭ روزا رامىزاندىن كۈتۈلىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى پايدىنى ئارتتۇرۇپ، ئەجىر ـ ساۋابنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەبچى بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. (ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد تەييارلىغان)

# ئىلىمگە بېغىشلانغان ھايات

## — دوكتور يېتەكچىسى، تەتقىقاتچى، دوكتور ياسىن ھوشۇرنى زىيارەت

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرەھىم



بۈگۈنكى ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىنىڭ ھەر قاندىقىنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق تارقالغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. مىللىتىمىز ئارىسىدىن چىققان ئالىم ياسىن ھوشۇر ئۇزۇن يىل جاپالىق ئىزدىنىپ، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ 12-13-ئەسىرنىڭ ئارىلىقىدا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى ھەمدە پارىژدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ھازىرغا قەدەر دۇنيادا تېپىلغان ئەڭ قەدىمى مىخ مەتبەئە پاكىتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا ھەم بۇنى دۇنياغا تونۇتۇشتا زور تۆھپە قوشتى.

ياسىن ھوشۇر ئۇرۇمچىدە بىر ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە چوڭ بولغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدا رۇس تىلىنى ئۆگىنىۋالغان، ئۇنىڭ دادىسى كىتابخۇمار، بىلىمگە ھېرىسمەن ئادەم بولغاچقا ئۆيدە ناھايىتى نۇرغۇن ماتېرىياللار بار ئىدى. ھوشۇر ئاكا ۋاقىت تاپسىلا ئوغلىغا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئاتاقلىق شەخسلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى. مەكتەپ ۋە ئائىلىدىكى قويۇق مەرىپەت مۇھىتى ياسىن ھوشۇرنىڭ قەلبىگە بىلىم ئۇرۇقىنى چاچقان.

ياسىن ھوشۇر ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان پەيتتە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلانغاننىڭ سىرتىدا، ئائىلىسىدىكىلەرمۇ مالىمانچىلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ. ئۇ كۈدە-كۆرپىسىنى يۇدۇپ، بىر مۇنچە كىتاب ماتېرىياللىرىنى سومكىسىغا سېلىپ، يېچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن يېزىسىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا كېلىدۇ. ياسىن ھوشۇر لۈكچۈنگە كەلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئەمگەككە قاتناشسا، يەنە بىر تەرەپتىن لۈكچۈن دېھقانلىرى ئارىسىغا چۆكۈپ، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى، ماقال-تەمسىللىرى، قەدىمكى يەر-جاي ناملىرىنى توپلاش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئېكسپېدىتسىيىچى ئاۋرېل ستەيىن شىنجاڭنى تەكشۈرگەندە يازغان ۋە سىزىپ قالدۇرغان ئەسەرلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، شۇ كىتابتىكى خەرىتىلەر ئاساسىدا تۇرپان تەۋەسىدىكى قەدىمكى خارابە

ئىزلارنى زىيارەت قىلىپ، بۇلاردىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخىغا، ئۇيغۇرشۇناسلىققا دائىر نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخى ماتېرىياللارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تەرىپىدىن ئوغرىلاپ كېتىلگەنلىكىنى ئۇقۇپ ئىچى سېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كاللىسىغا ئامال ئىزدەپ ئاشۇ تارىخى ماتېرىياللارنى ئىزدەپ تېپىش، بۇ ھەقتە ئۆزىمىز تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان پۇرسەتنى يارىتىشىمىز كېرەك، دېگەن ئويلار كېلىشكە باشلايدۇ. لېكىن شۇ چاغدىكى ئاپەتلىك يىللاردا بۇنداق ئويىنى ئاشكارىلاش ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، تالاي زىيالىيلار جۈملىدىن دادىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ئەنە شۇ سەۋەبتىن بولغان ئىدى.

ياسىن ھوشۇر 1972-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇ مەكتەپتە ئاساسى دەرسلەرنى ياخشى ئوقۇغاندىن سىرت، بىر تەرەپتىن چىن، خەن دەۋرى خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. ئۇ ئۆگىنىش، تەتقىقات مېۋىسى سۈپىتىدە«تارىخنامە ۋە سىماچيەنىنىڭ سىياسي كۆز قارىشى»ناملىق ئىلمي ماقالىنى يېزىپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسى سۈپىتىدە مەكتەپكە تاپشۇرىدۇ. بۇ ماقالىسى ئەلا باھالىنىدۇ.

ياسىن ھوشۇر 1976-يىلى مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاچقان تۈركولوگىيە سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپ، يېڭى تەتقىقات يولىغا ئاتلىنىدۇ. ئۇ بېيجىڭدا قەدىمكى تۈرك تىلى ئابىدىلىرى، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئىنگلىز تىلى، نېمىس تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ خىل چەت ئەل تىللىرىنى ئىگىلىشى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى بىلەن ئۇچرىشىش، بىلىم ئالماشتۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى تارىخى ۋە ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىن، مەدەنىيەت قاتارلىق تېمىلارنى تەتقىقات تېمىسى قىلىپ تاللىۋالىدۇ. بۇ تەتقىقات تېمىسىغا ئائىت مۇكەممەل ماتېرىياللار لېنىنگراد شەھرىدىكى ئېرمىتاژ مۇزېيىدا ۋە باشقا ئورۇنلاردا ساقلاقلىق ئىدى. شۇڭا ياسىن ھوشۇر رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، ئۇيغۇرشۇناس، مەشھۇر تۈركولوگ دوكتور تېنىشېۋ ئەپەندى بىلەن ئالاقىلىشىپ، 1985-يىلى 10-ئايدا جۇڭگو-سوۋېت تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى بويىچە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ پېتىربورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا بىر يىل بىلىم ئاشۇرىدۇ. 1986-يىلى موسكۋا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتىغا كېلىپ، دوكتور تېنىشېۋ ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 9-ئەسىر ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇ تەتقىقاتىنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئېرمىتاژ مۇزېيىدا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تارىخى قوليازمىلار ۋە ئابىدىلەرنى تەپسىلىي كۆرىدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ. پېتىربورگ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن يادىكارلىقلارنى ئاختۇرۇپ تېپىپ، ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى، تارىخى، ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىنداش ۋە يات مىللەتلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك ئالاقىلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك دەلىللەرنى ئىگىلەپ، ئۇنى ھازىرقى زامان سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق مېتودى بويىچە تەتقىق قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىزدىنىش ئاساسىدا «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆزلۈك تاۋۇش سىستېمىسى» دېگەن دېسسېرتاتسىيە ماقالىسىنى نەتىجىلىك تاماملايدۇ.

ئۇ سوۋېت زېمىنىدا بىلىم ئاشۇرۇش، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ، كاۋكاز، تاتارىستان رايونىدا بەزى ئىلمى تەكشۈرۈش، ئۆگىنىشلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە ئائىت نۇرغۇن تارىخى ماتېرىياللارنى توپلايدۇ. 1991-يىل 5-ئاينىڭ 21-كۈنى ياسىن ھوشۇر موسكۋا پەنلەر ئاكادىمىيىسىدە تۈركولوگىيە، تىلشۇناسلىق، ئۇيغۇرشۇناسلىق، ئىرانشۇناسلىق ساھەسىدە خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالىملاردىن بارانىكوۋا، شېرباك، ناسىلوۋ، گاجىيېۋا، دىبو، ئاتاقلىق ئالىم، تۈركولوگ باسكاكوۋ، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلاردىن كېلىموۋ، ئىرانشۇناس رۇستورگۇيېۋا، ھەمدە بىر مۇنچە ئىرانشۇناس، ئالتايشۇناسلار ئالدىدا «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆزلۈك تاۋۇش سىستېمىسى» دېگەن دېسسېرتاتسىيە ماقالىسىنى ئوقۇيدۇ. ئالىملار دىسسېرتاتسىيىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ ۋە ئۇنىڭ سورالغان سوئاللارغا راۋان جاۋاب بېرىشىگە قاراپ: ”ياسىن ھوشۇر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشى سىستېمىسىنى ناھايىتى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ تاۋۇش قۇرۇلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر مۇنچە تۈگۈنلەرنى سىستېمىلىق يېشىپ بېرىپ، تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرغانلىقى ئۈچۈن ياسىن ئەپەندىگە پەلسەپە دوكتورى ئۇنۋانى بېرىلدى“ دەپ

جاكارلايدۇ. 1992 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تېنىشىۋ ئەپەندى ياسىن ھوشۇرغا رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى نامىدا تەكلىپنامە ئەۋەتىپ، ئۇنى بۇ ئاكادېمىيىدە ساقلىنىۋاتقان، تېخى ئاشكارا ئېلان قىلىنمىغان ئاسارە ـ ئەتىقىلەر، قول يازمىلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياسىن ھوشۇر بۇ قىممەتلىك تەتقىقات ئارخىپىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇ شۇ مەزگىلدە يەنە ۋېنگرىيىدە مەشھۇر ۋېنگرشۇناس ئالىم بېلا نامىدا تەسىس قىلىنغان بېلا مۇكاپاتى فوندىنىڭ مۇكاپات سوممىسىغا ئېرىشىدۇ. بۇ مۇشۇ مۇكاپات فوندى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان چەت ئەللىك ئالىمغا بېرىلگەن 3 ـ مۇكاپات ئىدى. خەلقئارا ۋېنگرىيە تارىخى تەتقىقاتى جەمئىيىتى دوكتور ياسىن ھوشۇرنى بىر مەزگىل تۇرۇپ، ۋېنگىر تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ياسىن تەكلىپكە بىنائەن ۋېنگرىيىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئاتاقلىق شەرقشۇناس ۋامبېرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئېلىپ كەتكەن چاغاتايچە قولىيازما ماتېرىياللىنى ئىنچىكىلىك بىلەن رەتلەپ چىقىدۇ. مەملىكىتىمىزدە تېخى بايقالمىغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت بىر مۇنچە دىنىي، ئەدەبىي، تېببىي ئەسەرلەرنىڭ بارلىقىنى بايقاپ، ئۇنى كېيىنكى تەتقىقاتى ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىدۇ. 1994 ـ يىلى ياسىن ھوشۇر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن ـ مائارىپ، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ يىپەك يولى تەتقىقاتى بويىچە يىلىغا دۇنيادىكى 10 ئالىمغا بېرىلىدىغان ھىراياما ئوقۇش مۇكاپاتىغا نائىل بولىدۇ، بۇ دۇنياۋى شان ـ شۆھرەت ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور شىجائەت ئاتا قىلىدۇ.

ياسىن ھوشۇرنىڭ ئەڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئۇزاق يىللىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادا ئەڭ بالدۇر مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئىختىرا قىلغان مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىلمى ئەمگىكى بىلەن دەلىللەپ چىقتى. بىر كۈنى ياسىن ھوشۇر ئامېرىكىلىق مەتبەئە تارىخى مۇتەخەسسىسى كارتېر 1925 ـ يىلى يازغان «جۇڭگو مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى» دېگەن كىتابىنى كۆرۈپ قالىدۇ. كارتېر كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: ''ئۇيغۇر يېزىقى ھەرپلىك يېزىق بولۇپ ، ئارامى(سوغدى) يېزىقىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن، ئۇيغۇرلار مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللانغان چاغدا ھەرپلىك يېزىق مەتبەئە ھەرپىنىڭ ئەۋزەللىكىنى دەرھال تونۇپ يەتكەن. چۈنكى بۇ خىل يېزىقتىكى مەتبەئە ھەرپى سىستېمىسى خەنزۇلارنىڭ مەتبەئە ھەرپىدىن كۆپ قولايلىق ئىدى. ئەمما دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مىخ مەتبەئە ھەرپى پۈتۈنلەي سۆز بىرلىك قىلىنغان مەتبەئە ھەرپىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ ، جۇڭگونىڭ مەتبەئە ھەرپىگە ئوخشايدىكەن. ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ھەرپلىك يېزىقتىكى مەتبەئە ھەرپى بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق بىزدە ھازىرغا قەدەر بۇ ھەقتىكى پاكىت توغرۇلۇق ماددىي ئىسپات يوق. مۇشۇ چاققىچە ئۇلارنىڭ ھەرپلىك يېزىق مەتبەئە ھەرپىنىمۇ بايقىمىدۇق. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مەتبەئە ھەرپى يەنىلا خەنزۇلارنىڭ مەتبەئە ھەرپىنى دوراپ يېزىلغان بولۇپ، ھەرپلىك يېزىق مەتبەئە ھەرپى بولماستىن بەلكى قاتار تىزىپ قويۇلغان سۆزلەرنىڭ مەتبەئە ھەرپى ئىكەن''. دەل شۇ چاغدا ياسىن ھوشۇرنىڭ كاللىسىدا گۇمان تۇغۇلىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر يېزىقىدەك ھەرپلىك يېزىقتا قانداقمۇ سۆز بىرلىك قىلىنغان مەتبەئە ھەرپى بولسۇن، دېگەن ئويلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزىدۇ. لېكىن ياسىن ھوشۇردا دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ھەرپلەر توغرىلىق ماتېرىيال يوق بولۇپ، ئۇنىڭ گۇمانى گۇمان پېتى قېلىۋېرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ يەنە ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئالىم يوسىف نېدھام تۈزگەن «جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا تارىخى» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ كىتابنىڭ 5 ـ توم بىرىنچى قىسمى بولغان «قەغەز ۋە مەتبەئە»دە ''ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپىنى پېللىئوت 1907 ـ يىلى بايقىغان ئىكەن. يېقىنقى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇ مەتبەئە ھەرپلىرىنى تاپقىلى بولماپتۇدەك'' دېگەن قۇرلانى ئۇچرىتىدۇ. يۇقىرىقىدەك چىگىش مەنبەلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ياسىن ھوشۇر مەتبەئە كەشپىياتى تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا جىممىدە كىرىشىپ كېتىدۇ. چەت ئەللەرگە چىققاندا ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ماتېرىيال ئىزدەيدۇ. 1995 ـ يىلى ئەنگلىيەگە تەتقىقات بىلەن بارغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، فرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرىگە بېرىپ، پارىژ گىمىي ئاسىيا سەنئەت مۇزېيىدىن تەخمىنەن بۇنىڭدىن 800 يىل ئىلگىرىكى ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنى تاپىدۇ. ھەمدە بۇ 960 تال مەتبەئە ھەرپىنى يوغان 5 تاختا بامبۇك قەغەزىگە بېسىپ، مۇشۇ ھەرپلەر ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇيغۇرچە تېكىست ۋە تىنىچ بەلگىلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنى ئوقۇپ ۋە يېشىپ، تۈرگە ئايرىپ، سېلىشتۇرۇپ چىقىدۇ ھەمدە مەتبەئە تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەر ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى كۆرىدۇ. ئاخىرىدا بۇ

ھەرپلەر ئىپادىلىگەن تېكىست ۋە بەلگىلەرنىڭ 6 خىلغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇنىڭ بۇ بايقىشى دۇنيا مەتبەئە تېخنىكىسى تارىخىدا غايەت زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىنى نامايان قىلىدۇ. ياسىن ھوشۇر بۇ جەرياندا «دۇنخۇاڭدا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدىكى ئەھمىيىتى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىلىرى»، «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپى تەتقىقاتى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تاماملاپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇھىم ئىلمى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىدۇ. «ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسەر ''20 ـ ئەسىردە جۇڭگودا نەشر قىلىنغان 100ئابىدە ئەسەر'' قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ. 2000 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «جۇڭگودا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە دەسلەپكى تارقىلىشى» دېگەن كىتاب ئىجتىمائىي پەنلەر ۋەسىقىلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى دۇنياغا جاكارلىنىدۇ ھەمدە 2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى 4 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مۇنەۋۋەر پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇكاپاتىغا ۋە 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ژۇرناللارنى باھالاش يىغىنىدا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى 2002 ـ يىللىق «گومورو جۇڭگو تارىخشۇناسلىق مۇكاپاتى»غا ئېرىشىدۇ. ياسىن ھوشۇر يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن ـ مائارىپ، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئىلمىي ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ.

ياسىن ھوشۇر بىلەن شى جىنبو ئەپەندى «نۇر گېزىتى»دە ئېلان قىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسى» دېگەن ماقالىدە مۇنداق قەيت قىلىنىدۇ: ''دۇنخۇاڭدىن بايقالغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن بۇرۇن ياسالغان بولۇشى، ئەڭ بولمىغاندىمۇ 13 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. 13 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دۇنخۇاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى سىياسىي مەدەنىيەت، دىنىي پائالىيەت ئەھۋالى ئۇ جايدا مەتبەئە ھەرپى ياساشقا، مەتبەئە بۇيۇملىرىنى بېسىپ تارقىتىشقا يار بەرمەيتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىنى بېسىشقا يار بەرمەيتتى. شۇڭا بىز ئەنگلىيىلىك يوسىف نېدھام بىلەن ئامېرىكىلىق ئالىم كارتېرنىڭ بايانىغا رەددىيە ئورنىدا دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئاشۇ بىر تۈركۈم مىخ مەتبەئە ھەرپىنى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن، ئەڭ بۇرۇنقى ماددىي پاكىت دەپ ئىسپاتلايمىز''.

«نۇر گېزىتى»نىڭ بۇ ماقالىگە يېزىلغان تەھرىر ئىلاۋىسىدا: ''يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى ئېلىمىزنىڭ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان، جۇڭگو تارىخ مەنبەلىرىدە 'خۇيخۇ' دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەجدادىنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن 800يىل بۇرۇنقى مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئائىت قىممەتلىك بۇيۇملار نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ بالدۇر كەشىپ قىلىنغان مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ماددىي پاكىتى بولۇپ، ئۇنىڭ غايەت زور ئىلمىي ۋە ئاسارە ئەتىقە قىممىتى بار. بۇ ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىدۇر''دېيىلگەن.

ياسىن ھوشۇرنىڭ بۇ دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بايقىشى ۋە تەتقىقاتى ئۇنىڭ نام شۆھرىتىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، بەلكى مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتتى. ئۇ ئەقىل پاراسەتلىك ئىشچان ئۇيغۇر ئۇستىلىرىنىڭ ئەينى زاماندا مەتبەئە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر گراماتىكىلىق شەكىللىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئايرىم مىخ مەتبەئە تامغىلىرىنى(ھەرپلەر )نى ئىشلەپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپىنىڭ ئېلىمىز مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ۋە ئىدىيىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدا ۋاستىچى تىپ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالىملارنى قايىل قىلارلىق ماددىي پاكىت بىلەن تەمىنلىدى. بىز دوكتور ياسىن ھوشۇرنىڭ دۇنيا ئىلىم پەن ساھەسىدە تېخىمۇ يۈكسەك شۆھرەت قازىنىشىغا، ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا تىلەكداشمىز.

(ئاپتور: مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

▼قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 5-ئاينىڭ 24-كۈنى ئىسلام جەمئىيىتى باش كاتىپلار بىرلەشمە يىغىنى ئاچتى. يىغىندا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2005-يىللىق خىزمەتلىرى خۇلاسىلىنىپ، 2006-يىللىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يىغىن جەريانىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ھەمدە يىغىنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرى ئۆگىنىلدى. يىغىن ئاخىرىدا خىزمەت نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، مارالبېشى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى مۇكاپاتلاندى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▼ئاقسۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2006-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نىڭ 3-قىسمىنى تارقىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن يېڭى ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە 15 ماھىر قاتناشتى. بۇلار ئېيتقان ۋەزنىڭ قاراتمىلىقى كۈچلۈك، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يۇقىرى بولۇپ، ھازىرقى دەۋردىكى دىنىي زاتلارنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسى روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

(ئەخمەتجان ئەبەيدۇللا)

▼قاراماي شەھەرلىك ئىسلام دىنى 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2006-يىل 5-ئاينىڭ 11-، 12-كۈنى قاراماي شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىنغا شەھەردىكى دىنىي زاتلار ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىدىن بولۇپ 56 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا «قاراماي شەھەرلىك 1-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى» ماقۇللاندى، سايلام ئارقىلىق 15 نەپەر ھەيئەت ئەزا بارلىققا كەلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قاراماي شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى مەھەممەت تۇردى داموللا رەئىسلىككە سايلاندى. ياسىنجان كەنجى، مەمەتئېلى قارى ھاجى، ما ۋېنيۈ ھاجى، ياسىن روزى ھاجى قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. (قاراماي شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

▼باي ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇ يىل 6-ئاينىڭ 27-كۈنى 2-نۆۋەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بارلىق ھەيئەت ئەزالىرى، دىنىي خادىملار بولۇپ 170 كىشى قاتناشتى. (تۇردى ھەسەن)

▼مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 6-ئاينىڭ 1-كۈنى يېزا(بازار)لىق شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى بولۇپ 100 كىشى قاتناشتى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## ئىسلام مائارىپى

▼قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى بۇ يىل 6-ئاينىڭ 19-كۈنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، مۇدەررىس، تالىپلار بولۇپ 200دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى. مۇراسىمدا بۇ قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن 50 تالىپنىڭ ئۈچ يىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئەھۋالى خۇلاسىلەندى ھەمدە ئۇلارغا شاھادەتنامە تارقىتىپ بېرىلدى، 5تالىپ، 3مۇدەررىس مۇكاپاتلاندى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▼خوتەن ۋىلايىتىدىكى ناھىيە(شەھەر)لىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزالىرىدىن يۇقىرى ۋەزىپىدىكى دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى 6-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 7-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە ئېچىلدى. كۇرسقا 158 دىنىي زات، ناھىيە(شەھەر)لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ باش كاتىپلىرىدىن بولۇپ 166 كىشى قاتناشتى. كۇرستا گوۋۇيۈەننىڭ «دىن ئىشلىرى نىزامى»، «تۆتنى تونۇش، تۆتنى قوغداش، ئۈچ ئايرىلالماسلىق»، «ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ بىردەكلىكى» قاتارلىق مەزمۇنلاردا ئەتراپلىق لېكسىيە سۆزلەندى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇلتىپ داموللا ھاجى «شەرەپ-نومۇسنى بىلىدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولايلى(8 شەرەپ، 8 نومۇس توغرىسىدا)» ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىدى. كۇرس جەريانىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھەسەنبەك تۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي قاتارلىق رەھبەرلەر كۇرسانتلار بىلەن كۆرۈشۈپ ھال سورىدى ۋە سۆز قىلدى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 57 نەپەر ھەيئىتىگە بىردىن 21 ديۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور تارقىتىپ بەردى.

(مەمەت ئېلى غېنى)

▼بۇ يىل 6-ئاينىڭ 13-كۈنى قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 2-قارارلىق دىنىي ئىز باسارلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمى ئاچتى، كۇرستا 34 نەپەر دىنىي ئىز باسارغا شاھادەتنامە تارقىتىپ بېرىلدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▼گۇچۇڭ ناھىيىسى بۇ يىل 7-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 6-كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە دىنىي زاتلار ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا ناھىيىدىكى 67 مەسچىتتىن دىنىي خادىم، تالىپلار بولۇپ 182ئادەم قاتناشتى. (ئالىم ئىمىن ھاجى)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

▼ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، كۇچا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، كۇچا بازىرى رەستە مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى ئابلىمىت گايىت داموللا ھاجىم ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مائارىپقا ۋە نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 11مىڭ 500 يۈەن، نامرات ئائىلىلەرگە 10مىڭ يۈەن، 15 تونna كۆمۈر، ئاپەت يۈز بەرگەن رايوندىكى خەلققە 4000 يۈەن، قۇربانلىق قىلالمىغان نامرات

ئائىلىلەرگە 300 كىلوگرام گۆش ياردەم قىلدى. ئۆز يېنىدىن 20مىڭ يۈەن چىقىرىپ، كوچا بازىرىغا قاراشلىق پاتقاق كوچا شىمالىي مەسچىتىنى يېڭىلاپ سالدى. (ئابلىمىت ئەبەيدۇللا)

▼توقسۇ ناھىيە توقسۇ بازىرى ئەتىرگۈل مەسچىتىنىڭ ئىمامى ياسىن گايىت ھاجى تۆمۈر ماتېرىياللىرى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى قۇرۇپ مىليونېر دىنىي زاتقا ئايلانغاندىن كېيىن نامرات ئائىلىلەرگە 60مىڭ يۈەن، مائارىپقا ۋە نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 30 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ياردەم قىلدى ھەمدە 19مىڭ يۈەن چىقىرىپ، بىر بېتون كۆۋرۈك سالدۇرۇپ بەردى. (ئۆمەرجان مەخمۇت)

▼يېقىندىن بېرى پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى ئالدىن بېيىغان دىنىي زاتلار مائارىپقا 72مىڭ يۈەن، نامراتلارغا 20 مىڭ كىلوگرام ئۇرۇقلۇق، 310 كىلوگرام ياغ ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئىئانە قىلدى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▼بىگتۇەن 14 ـ دىۋىزىيە گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى دىنىي زاتلار جەمئىيەتتىكى ساخاۋەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە 19مىڭ يۈەن پۇل يىغىش قىلىپ، ئۆز تەۋەلىكىدىكى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ئىئانە قىلدى.

(مەمەتئابدۇللا ھامۇت)

▼توقسۇ ناھىيە تاشئېرىق يېزا ئاتبېشىدۆڭ كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى نامان قاسىم ھاجى بېيىغاندا ساخاۋەتنى ئۇنتۇماي، 5 نامرات ئائىلىگە 40 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇردى. ئاتا ـ ئانىسى يوق بىر يېتىم بالىنى بېقىۋېلىپ ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزدى. نامرات ئائىلىلەرگە 2600 يۈەن قىممىتىدە ھەر خىل ماددىي بۇيۇم، 3000 يۈەن نەق پۇل تارقىتىپ بەرگەندىن باشقا يەنە، نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 2000 يۈەن نەق پۇل، كەنتنىڭ يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش ھەم سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا 7000 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى. (نىياز ساتتار)

▼بۇ يىل 1 ـ ئىيۇن باللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزىلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نۇرمۇھەممەت ھاجى مىڭ يۈەن، باغئاۋات كەنت 3 ـ مەھەللە مەسچىتىنىڭ مەزىنى ئېزىز ساۋۇت 2000 يۈەن چىقىرىپ، يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ئىئانە قىلدى، غازكۆل يېزا 18 ـ كەنت 4 ـ مەھەللە مەسچىتىنىڭ مەزىنى ئەمەت ھاشىم 1000 يۈەن، 11 ـ كەنت 3 ـ مەھەللىدىن نۇرەك غوجەك 1000 يۈەن پۇل چىقىرىپ غازكۆل يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلدى. (ئابدۇرېشىت ۋاسىل)

▼مەكىت ناھىيە مەكىت بازىرى يېڭى مەھەللە ئىجتىمائىي رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق بىرەيلەننىڭ ئائىلە قىيىنچىلىقى ئېغىر بولۇپ، يىللاردىن بۇيان ئۆيلىنەلمىگەنىدى. يېقىندا بۇ يەردىكى دىنىي زاتلار ئۇنىڭ ئۆيلىنىۋېلىشى ئۈچۈن 2500 يۈەن ياردەم قىلدى.

(توختى ئاۋۇت)

▼بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە («26 ـ ئىيۇن دۇنيا زەھەرلىك چېكىملىك چەكلەش كۈنى» كېلىش ھارپىسىدا) مەكىت ناھىيە، مەكىت بازىرىدىكى دىنىي زاتلار زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئەشەددىي زىيىنى ۋە پاجىئەلىك ئاقىۋىتى، زەھەرلىك چېكىملىكنى قەتئىي تاشلاش ھەققىدە مول مەزمۇنلۇق، تەسىرلىك ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلىدى. ۋەزنى ئاڭلىغان ئادەم 15مىڭ 527 قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى. (توختى ئاۋۇت)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

▼بىگتۇەن 3 ـ دىۋىزىيە 53 ـ تۇەن بازاردىكى يەككە تىجارەتچى خەيرىگۈل 2001 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى باللار بايرىمى ھارپىسىدا تۇەن مىللىي 3 ـ مەكتىپىدىكى 20 نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىغا بىر قۇردىن يېڭى كىيىم ـ كېچەك ۋە ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بېرىپ كەلگەنىدى؛ بۇ يىلمۇ ئۇ يەنە نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 1000يۈەن قىممىتىدە 40 قۇر يېڭى كىيىم كىيگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ مىسكىن قەلبىگە شادلىق بېغىشلىدى. (مەلىكە روزى، تۇرسۇن ئابدۇرەھىم)

▼كورلا شەھەر يېڭىشەھەر يېزا مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسى كاناي ئۆسمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندا، شۇ يېزىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 2605يۈەن ئىئانە قىلدى. (ئەخمەتجان ھوشۇر)

## خەۋەر

▼2006 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى 24 كىشىدىن تەركىب تاپقان نورۋېگىيە كىشىلىك ھوقۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) رېشىت نىياز ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى. ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. سۆھبەت يىغىنىدا رېشىت نىياز شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ۋە دىن ئىشلىرى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، ئۆمەك باشلىقى بارلىق ئەزالارغا ۋاكالىتەن بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۆمەكتىكىلەر يەنە شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ كومپيۇتېر سىنىپى، كۇتۇپخانا، مۇنچا، مەسچىت، قىرائەتخانا، ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. زىيارەت ئاخىرىدا ھەممەيلەن بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. (ما باۋ)

▼كېرىيە ناھىيە يېڭىباغ يېزىسى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»مۇھىم ئىدىيىسى ۋە سوتسىيالىستىك شەرەپ ـ نومۇس قارىشىنى ئاددىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئىگە ـ چاقىسىز قالغان بىر ئوغۇلنىڭ توينى يېزىلىق ھۆكۈمەت يىغىن زالىدا ئۆتكۈزدى. بۇ تويغا يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى چىڭ خۇا، يېزا باشلىقى ئەركىن سەيدى رىياسەتچىلىك قىلدى. يېزا تەۋەسىدىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بۇ تويغا قاتناشتى. (مەتقاسىم ئابدۇۋەلى)

▼قەشقەر ۋىلايىتى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تۈزۈپ تارقاتقان 3 ـ قىسىم «يېڭى ۋەز ـ تەبلىغلەر» كىتابىنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## ھىجرىيە1427 ـ يىللىق رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى (ئۈرۈمچى ۋاقتى)

| رامىزان | مىلادى 2006 ـ يىل | ھەپتە كۈنلىرى | سۇھۇر ۋاقتى | تاڭ سۈزۈلۈش | كۈن چىقىش | پېشىن | ئەسىر | شام ۋە ئىپتار | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 24__9 | يەكشەنبە | 3:26 | 4:18 | 5:59 | 12:20 | 15:26 | 18:08 | 18:54 |
| 2 | 25 | دۈشەنبە | 3:27 | 4:19 | 6:00 | 12:20 | 15:25 | 18:06 | 18:53 |
| 3 | 26 | سەيشەنبە | 3:28 | 4:20 | 6:01 | 12:20 | 15:24 | 18:04 | 18:51 |
| 4 | 27 | چارشەنبە | 3:29 | 4:21 | 6:03 | 12:20 | 15:24 | 18:02 | 18:49 |
| 5 | 28 | پەيشەنبە | 3:30 | 4:22 | 6:04 | 12:20 | 15:23 | 18:00 | 18:47 |
| 6 | 29 | جۈمە | 3:31 | 4:23 | 6:05 | 12:20 | 15:22 | 17:59 | 18:45 |
| 7 | 30 | شەنبە | 3:32 | 4:24 | 6:07 | 12:20 | 15:21 | 17:58 | 18:43 |
| 8 | 1 ـ 10 | يەكشەنبە | 3:33 | 4:25 | 6:08 | 12:20 | 15:20 | 17:57 | 18:41 |
| 9 | 2 | دۈشەنبە | 3:34 | 4:27 | 6:09 | 12:20 | 15:19 | 17:55 | 18:39 |
| 10 | 3 | سەيشەنبە | 3:35 | 4:28 | 6:10 | 12:20 | 15:18 | 17:54 | 18:37 |
| 11 | 4 | چارشەنبە | 3:36 | 4:29 | 6:11 | 12:20 | 15:18 | 17:53 | 18:35 |
| 12 | 5 | پەيشەنبە | 3:37 | 4:31 | 6:12 | 12:20 | 15:17 | 17:52 | 18:34 |
| 13 | 6 | جۈمە | 3:38 | 4:32 | 6:14 | 12:20 | 15:16 | 17:49 | 18:32 |
| 14 | 7 | شەنبە | 3:39 | 4:34 | 6:15 | 12:20 | 15:15 | 17:48 | 18:30 |
| 15 | 8 | يەكشەنبە | 3:40 | 4:35 | 6:16 | 12:20 | 15:14 | 17:47 | 18:29 |
| 16 | 9 | دۈشەنبە | 3:42 | 4:36 | 6:18 | 12:20 | 15:13 | 17:45 | 18:27 |
| 17 | 10 | سەيشەنبە | 3:43 | 4:38 | 6:19 | 12:20 | 15:12 | 17:44 | 18:26 |
| 18 | 11 | چارشەنبە | 3:44 | 4:39 | 6:20 | 12:20 | 15:11 | 17:42 | 18:24 |
| 19 | 12 | پەيشەنبە | 3:45 | 4:40 | 6:22 | 12:20 | 15:10 | 17:40 | 18:22 |
| 20 | 13 | جۈمە | 3:46 | 4:42 | 6:23 | 12:20 | 15:09 | 17:38 | 18:19 |
| 21 | 14 | شەنبە | 3:47 | 4:43 | 6:24 | 12:20 | 15:08 | 17:36 | 18:17 |
| 22 | 15 | يەكشەنبە | 3:48 | 4:44 | 6:25 | 12:20 | 15:07 | 17:34 | 18:16 |
| 23 | 16 | دۈشەنبە | 3:49 | 4:46 | 6:26 | 12:20 | 15:06 | 17:32 | 18:15 |
| 24 | 17 | سەيشەنبە | 3:50 | 4:47 | 6:27 | 12:20 | 15:05 | 17:30 | 18:14 |
| 25 | 18 | چارشەنبە | 3:51 | 4:48 | 6:28 | 12:20 | 15:04 | 17:28 | 18:12 |
| 26 | 19 | پەيشەنبە | 3:52 | 4:49 | 6:29 | 12:20 | 15:03 | 17:26 | قەدرى كېچىسى |
| 27 | 20 | جۈمە | 3:53 | 4:50 | 6:30 | 12:20 | 15:02 | 17:24 | 18:09 |
| 28 | 21 | شەنبە | 3:54 | 4:51 | 6:31 | 12:20 | 15:01 | 17:22 | 18:08 |
| 29 | 22 | يەكشەنبە | 3:55 | 4:52 | 6:32 | 12:20 | 15:00 | 17:20 | 18:07 |
| 30 | 23 | دۈشەنبە | 3:56 | 4:53 | 6:33 | 12:20 | 14:59 | 17:18 | 18:05 |
| شەۋۋال | 24 | روزا ھېيت | ئېغىز ئېچىش | 4:54 | 6:34 | 12:20 | 14:58 | 17:16 | 18:04 |

ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن ۋاقىت جەھەتتىن پەرقلىنىپ، سۇھۇر ۋاقتى ۋە ئىپتار ۋاقتى بۇرۇن ـ كېيىن كېلىدىغان شەھەرلەر

| ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت بۇرۇن | ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت كېيىن |
|---|---|---|---|
| 1. ئالتاي شەھىرى | 19 | 1 .خوتەن شەھىرى | 49 |
| 2. قۇمۇل شەھىرى | 6 | 2 .قەشقەر شەھىرى | 58 |
| 3. تۇرپان شەھىرى | 5 | 3. ئاتۇش شەھىرى | 57 |
| | | 4. ئاقسۇ شەھىرى | 35 |
| | | 5 .غۇلجا شەھىرى | 28 |
| | | 6 .كورلا شەھىرى | 10 |
| | بۇ جەدۋەلنى مۇھتەرەم ھاجى ئىشلىگەن | 7 .سانجى شەھىرى | 3 |
| | | 8 .شىخەنزە شەھىرى | 5 |




جەمئىيىتىمىز رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن
باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋادا ئېچىلغان دۇنيا دىنىي
داھىيلار مۇلاقات يىغىنىغا قاتناشتى. (سۈرەتنى نەبىل تەمىنلىگەن)



جەمئىيىتىمىز رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن دۆلىتىمىزدە زىيارەتتە
بولغان مالايسىيا ئالىي مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋېڭ
شىجې قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى. (سۈرەتنى خالىد تارتقان)



جەمئىيىتىمىز رەھبەرلىرى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى
دۇبەي ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قىزغىن
كۈتۈۋالدى. (سۈرەتنى خالىد تارتقان)



جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرەم سىپرۇستا
ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا - ياۋروپا يىغىنى 2- نۆۋەتلىك دىنلار ئارا مەدەنىي
مۇلاقات يىغىنىغا قاتناشتى. (سۈرەتنى ئادىلجان تەمىنلىگەن)

## ژۇرنىلىمىزغا 2006 - يىللىق مۇشتەرى توپلاشتىكى

## شەرەپلىك ۋىلايەت ۋە ناھىيە (شەھەر) لەر

### قەشقەر ۋىلايىتى ئاقسۇ ۋىلايىتى خوتەن ۋىلايىتى تۇرپان ۋىلايىتى

يەكەن ناھىيىسى، باي ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرى، ئونسۇ ناھىيىسى، تۇرپان شەھىرى، لوپ ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى، مەكىت ناھىيىسى، ئاۋات ناھىيىسى، كونىشەھەر ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى، كورلا شەھىرى، خوتەن شەھىرى، شايار ناھىيىسى، يېڭىسار ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى، خوتەن ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى، گۇما ناھىيىسى، پىچان ناھىيىسى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى، توقسۇ ناھىيىسى، توخسۇن ناھىيىسى، كۇچا ناھىيىسى.

كىتابخانىلاردىن: ئۈرۈمچى "ئىزچىلار" كىتابخانىسى.

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەركەزدىكى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قارمىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن پايتەخت بېيجىڭدا نەشر قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك، ئۇنىۋېرسال ئىسلام ژۇرنىلى. يۇقىرى - تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ژۇرنالنىڭ تارقىتىلىشىغا ئاكتىپ مەدەت بېرىشى، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مەملىكىتىمىزدە نەشر قىلىنىۋاتقان بۇ بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ قىزغىن مۇشتەرى بولۇشى، تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ژۇرنالنىڭ سۈپىتى بارغانچە ياخشىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى تىراژى يىلدىن - يىلغا ئېشىۋاتىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ2007 - يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ.

گەرچە ژۇرنالنىڭ فورماتى چوڭايتىلىپ، بەت ياساش، باسما، قەغەز سۈپىتى ئىلگىرىكىدىن كۆركەم ۋە دەۋرىمىزگە مۇناسىپ بولۇۋاتقانلىقى سەۋەبلىك تەننەرخى ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېغىرچىلىقىنى ئاشۇرماسلىق نەزەردە تۇتۇلۇپ ژۇرنال باھاسى يەنىلا 2006 - يىللىق ھالەتنى ساقلاپ قالدى. پەسىلدە بىر چىقىدىغان بۇ ژۇرنالنىڭ 2007 - يىللىق تاق باھاسى4.50 يۈەن، يىللىق باھاسى 18 يۈەن، يىللىق توپلامنىڭ باھاسى 22يۈەن. ژۇرنىلىمىز ئىلگىرىكىدەكلا يەرلىك پوچتىخانا، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىدە تەسىس قىلىنغان شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى، شىنخۇا كىتابخانىلىرى، ھاۋالە قىلىنغان قانۇنلۇق سېتىش ئورۇنلىرى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ. ژۇرنالنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 167—58 ؛ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720 .

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2006 - يىللىق توپلىمى مۇشۇ يىلنىڭ 4 - سانى بىلەن بىرگە تۈپلىنىپ چىقىدۇ، باھاسى 22يۈەن. 1999 - ، 2000 - ، 2001 - ، 2003 - ، 2004 - يىللىق توپلىمىدىن بىرقىسمى بار. توپلام سېتىپ ئالغۇچىلار تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلسا بولىدۇ. بۇ كونا توپلاملارنىڭ باھاسى ئەسلىدىكى 25يۈەندىن 20يۈەنگە چۈشۈرۈلدى( پوچتا ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ).

مۇسۇلمانلارنىڭ، مەسچىتلەرنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە - تەشكىلات، مائارىپ - مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ژۇرنىلىمىز سۈپىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق تەكلىپ - پىكىرلەرنى داۋاملىق بېرىپ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ژۇرنىلىمىزغا پائال مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى


ISSN 1007-5836

9 771007 583001 09>

《中国穆斯林》（维吾尔文版） «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)

国际标准刊号：ISSN1007—5836 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号：CN11—1346/B مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:

国内邮发代号：（新）58—167 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:

国外发行代号：Q1720 چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:

公开发行 定价：4.50元 ئاشكارا تارقىتىلىدۇ باھاسى: 4.50 يۈەن